# ئەدىپلەر بايرىمى

داۋۇت مەتنىياز



## 1. گۈلباغدا بايرام

ئىلىمىزدە ھەر يىلى دۆلەت بايرىمى، باھار بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى، بالىلار بايرىمى... دىگەندەك تۈرلۈك بايراملار خاتىرىلىنىپ كىلىۋاتىدۇ. كالىنداردىمۇ ئاشۇ كۈنلەرنى بىلدۈرىدىغان رەقەملەر قىزىل سىياھ بىلەن ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويۇلغان. بىراق ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقۇرى كۆتىرىش ئۈچۈن، تالاي-تالاي كېچىلەرنى ئىجادىيەت ئۈستىلى ئالدىدا ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈۋەتكەن شائىر، يازغۇچىلار ئۈچۈن بىرەر كۈن بايرام قىلىپ بەلگۈلەپ بېرىلمىدى. ئەمما بىزنىڭ خوتەندە، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى ماددى جەھەتتىن تېخى

تويۇنمىغان، دېھقانلار ئىگىلەيدىغان مۇشۇ نامرات يۇرتتا ئەدىپلەر بايرىمى بار. بۇ بايرام مەلۇم بىر كۈنگە مۇقۇمدىلىپ، كالىنداردا قىزىل بويالمىغىنى بىلەن، ھەر يىلى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئەۋجىگە چىققان، خوتەننىڭ بېھىشتەك گۈزەل باغلىرىدا خىلمۇ - خىل مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغ قودرىتىنى نامايان قىلىۋاتقان نامايان قىلىۋاتقان خاسىيەتلىك كۈنلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ بايرامدا ئاسمانغا رەڭمۇ-رەڭ ساليوت-پوجاڭزىلار ئېتىلمايدۇ. داقا-دۇمباق،ناغرا، سونايلار ئەتراپنى زىل-زىلىگە سالمايدۇ. سىرتتىن قارىماققا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۈنۈگۈنكى، ئۈلۈشكۈنكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تىپ - تىنىچ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئەمما بۈگۈننىڭ باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدىغان ئەھمىيىتىنى يىغىنغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشەلىگەن يازغۇچى - شائىرلارلا بىلىشىدۇ. يۈرىكىدە قانچىلىك كۆپ ساليوت - پوجاڭزىلارنىڭ ئېتىلغانلىقىنى، قانچىلىك داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنىڭ چېلىنغانلىقىنى پەقەت ئۆزلىرىلا ھېس قىلالايدۇ. ئۇلارمۇ مۇشۇ كۈنلەردە بايرام شادلىقىغا، ھېيت شادلىقىغا،توي شادلىقىغا،ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا شادلىققا چۆمىدۇ. كۆڭلىدە بىر يىلدىن بېرى ساقلانغان شېرىن گەپ - سۆزلىرىنى تۆكۈشىدۇ. چاقچاق قىلىشىدۇ، كۈلۈشىدۇ، ئىجادىيەت جەريانىدا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە مەسلىھەت ئېلىشىدۇ.

بۇ يىغىنغا مۇساپىنىڭ قىرانلىق مەزگىلىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە تىكىشىپ تۈگەتكەن پېشقەدەم يازغۇچىلارمۇ؛ توختاۋسىز قەلەم تەۋرىتىپ ئىجادىيەت بەيگىسىدە ئۈزۈپ بېرىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ؛ ئاجايىپ قۇدرەت بىلەن پارلاپ قىقىش ئالدىدا تۇرغان تاڭ قوياشىدەك ئۈمىتلىك ھەۋەسكارلارمۇ بار  داخىل بولىدۇ، بۇ يېغىنغا خوتەن توپرىقىدىكى ئەدىپلەر قاتنىشقاندىن باشقا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تونۇش بولغان ئالىم، ئەدىپلەردىن ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى، زوردۇن سابىر ئەپەندى، قاھار جېلىل ئەپەندى، جاپپار مەمەت ئەپەندى، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن ئەپەندى؛ ئالىم تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن، ژورنالىست - قۇربان مامۇت، شائىرە تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن خانىم،

يازغۇچى ئەخەت تۇردى، جالالىدىن بەھرام، شائىر يازغۇچى ماخمۇتجان ئىسلام، ياش ئالىم ئەسئەت سولايمان، شائىر ياسىن زىلال، شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، شائىر تەتقىقاتچى موھەممەتتۇدى مىرزىئەخمەت، مۇھەررىر روزى مۇھەممەت جۇمە ... قاتارلىقلارنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى يەتتى، ئۇلار ھەر قايسى نۆۋەتلىك يىغىلىشلاردا خوتەندىكى ئاپتورلارغا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك دەرسلەرنى سۆزلەپ بەردى.

خوتەندىكى يازغۇچىلار 1991 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر قېتىملىق يىغىننى ھەرگىز يادىدىن چىقىرالمايدۇ، ياتاق شەھەرلىك 2 مېھمانخانىسىغا، يىغىن خەلق تىياتىر خانىسىغا ئورۇنلارشتۇلغاندى، تۇنجى كۈنى ئەتتىگەندە ھەممەيلەن ھەزىلىنىپ بولغان بولساقمۇ يىغىن باشلانمىدى، مۇنبەر خۇددى سولتانىسىز قالغان تاجۇ ـ تەختتەك بوش ئىدى. ئاپتورلار كىمدۇر بىرىسىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىۋاتقاندەك زالنىڭ ئىشىكىگە پات ـ پات تەلمۈرۈپ قاراشماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا بىرسى قولىقىمغا «ئۆتكۈر ئەپەندىم كېلىدىكەن» دەپ پىچىرلىدى.

ـ ئۆتكۈر ئەپەندىم؟! ـ كەسپىدىشىمنىڭ ئېغىزىغا تىكىلىپلا قالدىم.

ـ ھەئە، ـ قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈردى كەسپىدىشىم، ـ خوتەنگە تۈنۈگۈن چۈشۈپتۇ، ھازىر مەشەگە كەلگۈدەك.

كەسپىدىشىمنىڭ كېپى تۈگۈمەستىنلا زالنىڭ ئىشكى تەرەپتىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دىگەن سادا كەلدى. يۈرەكلەر دۈپۈرلەپ، كۆزلەردىن ھاياجان ئۇچقۇنى چاقناپ كەتتى. بېشىدىكى چىمەن دوپپا ۋە ئۇستىگە كەيگەن كاستوم بورولكا كىلىشكەن قەددى ـ قامىتىنى تېخىمۇ سالاپەتلىك تىك قىلىپ كۆرستىپ تۇرىدىغان ئالىم سالماق قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى، چاۋاك ئاۋازى زالنى ئۆرىۋېتىدىغاندەك تارايتتى، ئۆتكۈر ئەپەندىم باشلىق ـ باشلىق پۇخرا تونۇلغان يازغۇچى ـ ھەۋەسكار دەپ ئايرىپ ئولتۇرماستىن ھەممەيلەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كىمنىڭدۇر كۆزلىرىدىن شادلىق ياشلىرى يامغۇردەك تامچىلىماقتا ئىدى. ئۇ بىزنىڭ قاتارىمىزدىن ئورۇن ئېلىۋىدى يىغىن باشقۇرغۇچىلىرى ئىككى كەلىمە مەرىپەت قىلىپ بېرىشنى

ئۆتتۇندى. كونىلارنىڭ « ئىسلىدە خاتا يوق ... دېگىنىدەك ئۇلۇغ ئالىم تەكەللۇپسىزلامۇنبەرگە چىقتى، ئۇنىڭ دىدارىنى كۆزىگ بىلەن تەڭ باشلانغان چاۋاك ساداسى يېخچە توختىماغاندى، ئالىم بىزگە ئىجازەت بەردى، بىز خۇددى ئىززەتلىك ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىدىكى ئەدەپلىك ئوقۇغۇچىدەك بىر ـ بىرلەپ ئورنىمىزغا ئولتۇرشتۇق، ئۆزىگە ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ ئورلتۇرۇشقان يازغۇچىلارغا قاراپ زوقلانغان ئالىمنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى. نىمشقا زوقلانمىسۇن! ئۆزىنىڭ ئىزىنى بويلاپ كېتىۋاتقا بىر توپ شاگىرتتىن ھەر قانداق ئۇستازنىڭ سۆيۈنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ بولۇپمۇ باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن تېنىۋالغان، شاگىرت ئۇستازىغا ئاسيلىق قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە چوڭلار ئۈچۈن ھەقىقى ۋارىسلىرىنى كۆرشتىن ئوشۇق يەنە قانداق خوشاللىق بولماقچىتتى.

ئالىم: بۈرۈن خوتەنگە كېلىش پورستىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى؛ كۆڭلىدە خوتەن دىيارىغا بولغان تەكپۈنۈش كۈچىيگەنسىرى « خوتەننى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ ...دېگەن ئەندىشىمگىمۇ باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقىنى؛ بۇ قېتىم خوتەنگە كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خوشھال ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئالىمنىڭ دىمەكچى بولغانلىرى  شولا ئەمەس ئىدى ئەلۋەتتە، ئۇ ئىنسان ھاياتىغا، تۇرمۇشقا، ۋە باشقىلارغا سەممى بولۇش، كەمتەر بولۇش ھەر قانداق كىشى ياش ۋاقتىدا باشقىلارغا سەممى بولۇش، كەمتەر بولۇش، ھەر قانداق كىشى ياش ۋاقتىدا باشقىلارغا كىبىر كۆرسەتسە ياشانغاندا تۆگىمەس روھى ئازاپقا قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھايات ھەقىقەتلىرىنى ناھايىتى ئوبرازلىق تىللار بىلەن سۆزلەپ ئۆتتى، ۋە «غەنىمەت» دېگەن غەزەلىنى دىكلىماتسىيە قىلىش بىلەن سۆزلىنى ئاخىرلاشتۇردى.

يېغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى نەسرى ئەسەرلەر ژانىرى ۋە شېرىيەت ژانىرى بويىچە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىپ مۇھاكىمىگە ئولتۇردۇق. ھەر بىر گۇرۇپىدا ئېلىپ كەلگەن ئەسەرلەرنى نۆۋەت بىلەن ئوقۇيتتۇق، ئارتۇقچىلىق ۋە ساقلانغان نوقسانلار ھەققىدە ناھايىتى قىزغىن پىكىر قاتناشتۇراتتۇق. بەزى ئەسەلەر ئۈستىدە خېلى ئۇزاق مۇتائىلىيە قايناپتتى.

چۈشتىن كىيىن ھەممىمىز بىر باشتىن دىكلاماتسىيە قىلىشىپ نۆۋەت شائىر ئەرشىدىن راشىدىنغا

كەلدى. ئەمما ئۇ يەرگە قاراپ بىخارامان ئولتۇراتتى. ئاخىرى شېرىيەت گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلغۇاتقان مەرھۇم شائىر روزى سايىت ئەرشىدىن راشىدىنغا يۈزلەندى.

ـ ئەرشىدىن بىر نەرسە ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

ـ ئېلىپ كەلدىم.

ـ نىمە ئېلىپ كەلدىڭىز؟ قېنى سورۇنغا بىر تاشلىڭا ھەممىمىز ھەيران قالايلى.

ئاڭلىغىلى قولاپ ئەپ كەلدىم،

ئېغىزىمغا تۇۋاق ئەپ كەلدىم.

ئىجاد مۇەم نىمىشقا ئاز دەپ ،

ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوراق ئەپ كەلدىم.

شائىر ئەرشىدىن راشىدىن يوقارقى بىر كوبلىت شېئىرىنى ئوقۇپ قويۇپلا لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرىۋالدى. بىز بىر پەس ئۇنىڭ ئېغىزىغا تەلمۈردۇق ـ دە، پاراقلاپ كۈلۈپ تاشلىدۇق.

ـ كارامەت كاتتا ئەسەر ئېلىپ كەپسىزغۇ، ـ دېدى روزى سايىت كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران بىسىۋېلىپ ، ـ يەنە بىر ئوقۇپ بېرىڭا . «ئېتىزلىقتىن قوناق ئەپ كەلدىم» دېدىڭىزمۇ؟

كۈلكە يەنە بىر قېتىم ئەۋجىگە چىقتى. شائىر ئەرشىدىن راشىدىن يوقارقى بىر كوپلىت نەزمىنى يەنە بىر نۆۋەت تەكرارلاپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇ چاغدىكى ئىجادىيەت يىغىنلىرى ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئېچىلاتتى. ھەممە كىشى غەرەزسىز، ھەممە گەپ پەقەت ئىجادىيەت ئۈستىدىلا بولاتتى. ئەدىپلەر ئارىسدا ئۈستۈنلۈك تالىشىش، بىر ـ بىرىنى مەنسىتمەسلىك ، كۆرەلمەسلىك، مەن ـ مەنچىلىك قىلىش، قورۇق پور ئېتىش . . . . . . دېگەندەك يامان سۈپەتلىك كىسەللەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يىغىننى تەشكىللىگۈچىلەرمۇ، بىر كىشىلىك ئاپتۇر سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلغانلارمۇ كۆڭلىنى ئازادە قورسىغىنى كەڭ تۇتاتتى.

شۇ يىللاردا ھەر ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزىلىدىغان ئەدىپلەر بايرىمى ياشلارنىڭ ھەۋەس

ـ ئىشتىياقىنى يېلىنجاتقاچقا يېڭى ـ يېڭى ھەۋەسكارلار ئەدەبىيات ھەسسىگە مەزمۇت قەدەم بىلەن چىقىشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن خوتەندىكى ئۇستاز يازغۇچىلارنىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئەدەبىيات تەشكىلاتچىسى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ كۆڭلىنى يېڭى بىر ئەندىشە پاراكەندە قىلاتتى. چۆل ـ جەزىرىلەردە بولدۇقلاپ سۇ چىقىدىغان بولاقنىڭ كۆزىنى بوران تىندۇرىۋەتتىكەندەك، كىشىلەر بىمالال ئۆتىۋاتقان ئۇزاق يولنىڭ كۆۋرۈكىنى كەلكۈن ئېقىتىپ قاچقاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇلارنى ئەنسىرەتتىبۇ ئەندىشە ـ يېقىنقى يىللاردىن بىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدىپلەر بايرىمىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئېھتىماللىقى ئىدى. گەرچە بىرەر رەھبەر «بەس!» دېمىگەن بولسىمۇ نامراتلىق ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە ئېلىپ باراالاتتى. پۇل بولمىسا چۆلدىكى مۆخىزەلىك بولاقنىڭ تېنىپ قالغىنى، يولدىكى كۆۋرۈكنىڭ بوزۇلغىنى شۇ ئىدى. ئەدىپلەر بايرىمى توختاپ قالسىمۇ خوتەن زېمىنىدا تېرىلغان ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتلىرى كەملەپ كەتمەيتتى. بىرەر ئايال ئەرگە، ياكى بىرەر ئەر ئايالغا ئۆزگۈرۈپ قالمايتتى. ئەمما خوتەن ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور زىيان بولاتتى، ئاشۇ بايرام ئارقىلىق ئاپتۇرلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى رىقابەت تۇيغۇنى، مىللەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرغىلى بولاتتى. « يېڭى قاشتېشى » ژورنىلىغا سۇپەتلىك ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلغىلى بولاتتى.

« يېڭى قاشتېشى » ژورنىلىنىڭ مەسئۇللىرى بۇرۇنقى يىغىنلارنى ياردەمگە تايىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلدى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى مەتتوختى روزى، مالىيە باشقارمىسىنىڭ سابىق باشلىقى ئابدۇراخمان ئاكا، قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى غەيرەت ئابدۇللا، ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش شىركىتىدىن ئۇبۇلھاشىم، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچىلاردىن كېرەم ئىمىن، مەتنىيازغازى ھاجىم ... قاتارلىق كىشىلەر يىغىننىڭ راسخودى ئۈچۈن پۇل بىرىشكەندى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرىپ يەنە بىزنىڭ تۇرۇشقا تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. يىغىننى ئۈزۈپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كىرەك؟ قانداق قىلغاندا بۇلاقنىڭ كۆزى تىنىپ كەتمەيدىغان، ئۇزاق سوزۇلغان يولنىڭ كۆۋرۈكى بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان ئۇسۇلنى تاپقىلى بۇلىدۇ.

نىيەت خالىس بولسا مۇرات ھاسىل دېگەندەك نۇرغۇن كۆڭۈللەردە كىزىپ يۈرگەن بۇ ئورتاق ئارزۇنىڭ كىمىسى غايە قىرغاقلىرىغا ئاسانلا يېقىنلاشتى.

بۇ ئىشنى چىرىيە ناھىسىنىڭ ھاكىمى يالقۇن قادىر بىلەن، «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتى ھۇجۇتقا چىقاردى.

**1993** ـ يىلى **5** ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. چىرىيەدىكى ئاپتۇرلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كەلگەن مەتقاسىم ئابدۇراخمان ناھىيە بازىرىدا يالقۇن قادىر بىلەن ئۇچۇرشۇپ قالدى.

ـ سىلەرنىڭ ناھىيەدە بىر نۆۋەت يىغىن ئاچساق بۇلاتتى ھاكىم، ـ دېدى مەتقاسىم ئابدۇراخمان تېچىلىق سورىشىپ بولغاندىن كىيىن.

ـ قانداق يىغىن؟

ـ ئەدەبى، ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنىنى ۋىلايەتتە ئېچىپ كىلىۋاتقىنىمىزغا خېلى يىللار بۇلۇپ قالدى. ھەر يىلى ئۈيەر ـ بۇ يەرلەردىن پۇل ھەل قىلىپ ئېچىۋاتىمىز

بىزنى قوللاپ كىلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا بېرىۋېرىشكىمۇ ئادەمنىڭ يۈزى چىدىمايدىكەن.شۇڭا بۇ يىل چىرىيە خەلقىنىڭ ھەرقايسى سەپلەردە قولغا كەلتۈرگە نەتىجىلىرىنى تېما قىلغان ھالدا مەشەدە ئاچساق قانداق بۇلار؟

ـ بۇلىدۇ، مەن چىرىيە خەلقىگە ۋاكالىتەن بۇ ئىشنى قوللايمەن.

ـ ئۇنداقتا گەپلىرى گەپ ھە.

ـ خاتىرجەم بولسىلا مەن قاچان گىپىمدە تۇرمىغان. ـ ھاكىم بىر نەرسىنى ئىسىمگە ئالغاندەك قۇشۇمچە قىلدى. ـ ۋاقتى قاچانلارغا توغرا كىلىدۇ؟

ـ يەتتىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا مۇۋاپىق بۇلارمىكىن. كۈپۈنچەئاپتۇرلار ئوقۇتقۇچى، تەتىلگە توغۇرلىمىساق بولماس.

ـ نەچچە ئادەم قاتنىشىدۇ؟

ـ تەخمىنەن 100 دىن ئارتۇق ئادەم قاتنىشىدۇ.

ـ ۋاقتى كەلگەندە «ھە » دېسىلە، يېغىننىڭ بارلىق چىقىمىنى بىز ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

**2. چىرىيەدە بايرام**

1993 ـ يىلى 8 ئايدا ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بارلىق يازغۇچى، شائىرلارنى ئۆزىنىڭ شىرىن شەربەتلىك ئانارلىرى، ياڭاق، چىلانلىرى، جاھات ئوت بولۇپ قايناۋاتقان چىڭقى چۈش مەزگىلىدە خوتەندىن چىرىيەگە قاراپ يولغا چىقتۇق. پۈتۈن بەدىنىمىزدىن شورقىراپ تەر ئاقاتتى. قېرىشقاندەك لوپ ناھىيە بازىرىغا بارغاندا ئاپتۇبۇس خېلىغىچە توختاپ قالدى. لوپلۇق ئاپتۇرلار يول ئۈستىدە ساقلىمغاچقا ئۇياق ـ بۇياققا ئادەم ئەۋەرتىپ يىغىشقا توغرا كەلگەندى. شۇ ئارىسدا كىمدۇر بىرى:

ـ ھەجەپ ئۇسساپ كەتتىم، بىر پىيالە چاي بولسىچۇ، ـ دىدى.

ـ لوپتا چاي يوق، ـ مىراس ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شائىر ياسىن زىلال كىسىپلا جاۋاپ بەردى.

ـ نېمە دېدىڭىز؟ دېدىم مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

ـ لوپتا چاي ئىچمەيدۇ، سوغۇق سۇ ئىچىدۇ، ـ ئۇ گىپىنى يەنە تەكرارلىدى.

شۇنداق قارىسام شوپىرنىڭ يېنىدا يوپ ـ يېڭى چەينەك تۇرۇپتۇ، چەينەكنى ئېلىپلا يەرگە چۈشتىم، ـ دە يېقىنلا يەردىكى ئاشخانىدىن لىق بىر چەينەك چاي ئېلىپ كەلدىم. ۋە ياسىن زىلالغا قاراپ:

ـ ياسىن ئاخۇن چاي ئىچمەمسىز؟ مانا بۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئەركەك سۈيىدە قاينىتىلغان چاي، ـ دېدىم.

ـ سىز لوپلۇقمۇ؟ سورىدى ياسىن زىلال كۈلۈپ:

ـ ھەئە، مەن لوپلۇق.

ـ شۇڭا مىنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ ھۇجۇدىڭىزدىكى يۇرتۋازلىق قوتراپتۇدە، ـ دە.

ـ يۇرت ۋازلىق دېمەي ۋەتەنپەرۋەرلىك دېسىڭىز بولىدۇ.

كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ـ دېدى ئۇ قىززىق چەينەكنىڭ ئېغىزىغا قويۇپ پۈلگەچ، ـ مەن لوپنىڭ ھەممە يېزىسىغا باردىم. دېھقانلار ئاساسەن سوغۇق سۇ ئېچىشكە ئامراقكەن، چاي ئېچمەيدىكەن.

ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى. دېھقانلار سوغۇق سۇ ئېچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەچكە چاي ئېچمەيتتى. ئەمما مەن ھېلىقى بىر چەينەك چاينى پەش قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى تەن ئالمىدىم. شۇ چاغدا يەنە بىرى:

ـ لوپتا دوغاپ يوق، ـ دەپ توۋلىدى.

ـ ئاپتۇبۇستىن چۈشۈپ ئازراق ماڭسىڭىزلا دوغاپچىنىڭ ئالدىغا بارسىلە، دېدىم. مەن ئۇنىڭ ئۇچۇرۇشلىرىغا پەرۋە قىلماي، ـ بەك قىززىپ كەتكەن بولساڭلا دوغاپچىنىڭ كاسىڭىغا باشلاپ شۇڭغۇساڭلىمۇ بولىدۇ.

ئاپتۇبۇس ئىچىدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ـ ئۇكام داۋۇت، ـ دېدى شائىر ئابدۇللا سولايمان، ـ مەرتلىك دېگەننى يولدا توختاتماي ئاخىرغىچە قىلغۇلۇق ئەمدى تايىنلىق دوغاپتىمۇ بىر چەينەك ئەكەلمەمسىز.

مەن ئۇقۇتقۇچۇمنىڭ دېگىنى بويىچە مەرتلىكنى ۋايىغا يەتكۈزدۈم. ئاپتۇرلارمۇزلىرى شارقىراپ تۆرىدىغان سارالڭ دوغاپنى قولغا سۇنۇشۇپ بىرەر ئوتلامدىن ئىچىپ تۇرشىغا لوپلۇق ئاپتۇرلارمۇ ئابتۇبۇسقا چىقىشتى.

شۇ كۈنلەردە چىرىيە بازىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلارغا، ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ دەرۋازىلىرىغا، يول بويىدىكى ستولبىلارغا «يازغۇچىلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز... چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ... سەممى ھال سورايمىز» دېگەندەك پىلاكاتلار چاپلىنىپ، ھەققى بايرام تۈسىنى ئالغان ئىدى.

يىغىن تۈلىمۇ تەنتەنىلىك باشلاندى، چىرىيە ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى يالقۇن قادىر؛ چىرىيە ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ئېكلوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش تەدبىرلىرى، چىرىيە خەلقىنىڭ سۇ قورلىشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، دېھقانچىلىق ساھەلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەتقاسىم ئابدۇراخمان خوتەندىكى ئاپتۇرلار قوشۇنىنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولسىمۇ ساپاسى تۆۋەن، تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ئەسەرلەر كۆپ، سۈپىتى تۆۋەن بولۇشتەك بىرقاتار مەسىلىلەر ھەققىدە توختالدى.

چۈشتىن كېيىن نەسىر ۋە نەزىم تۈرى بويىچە گ ە ئورلتۇردۇق، نەسىر گورۇپپىسىدىكىلەرگە ئۇستا يازغۇچى نورمۇھەممەت توختى ئىجادىيەتتە ئۆزۈم قازىنىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە دەرس سۆلەپ بەردى، بۇ دەرس ئەدىبىي ئىجادىيەت سېپىدە ئۆزىگە خاس قانات چىقىرىپ پەرۋاز قىلالماي، تەقلىدى بىرنىمىلەرنى يېزىپ يۈرۈۋاتقان ھەۋەسكارلار ئۈچۈن راستىنلا يەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مىۋە، ئىچىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بولاق سۈيى ئىدى. نورمۇھەممەتتوختى ماقالىسىدە: ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىلچە شەخسى غەرەز ئارلاشتۇرماسلىق، پەقەت خەلقنى، مىللەتنىلا ئويلاپ ئىجادىيەت سېپىگە كىرىش؛ ئىجادىيەت ئارقىلىق پۇل تېپىشنى، تۆرۈ ئابروي ۋە ئەمەل - مەنسەپ تېپىشنى ئويلىماسلىق، ناۋادا شۇنداق مەقسەتتە ئىجادىيەتكە ئارلىشىپ قالغانلار بولسا دەرھال چىقىپ كېتىش لازىملىقىنى ئوتتۇرغا قويغاندى.

ئەتىسى سەھەردە تاڭ سۆزىلىشتىن بۇرۇن يۈرۈپ كەتتۇق، ئاپتۇبۇسنىڭ بىر جۈپ كۆجزىدىن ئېتىلىپ چىققان نۇردەستىسى يولنى غۇۋا يورۇتۇپ باراتتى. بىردەمدىن كېيىن ناھىيە بازىرىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ تۈپ - تۈز ساي يولىغا ئۆلاشتۇق، دېرىزىدىن ئۇرۇلغان تاغ شاملى كىشىگە ھوزۇر بەخش ئېتەتتى. قاياقلاردىدۇر بوز تورغاينىڭ چۇچۇلاشلىرى ئاڭلىنىپ تاڭ ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلىدى.

- ھەدەپ ئالدىراپ ماڭدۇق، تاڭ ئاتقاندا ماڭساق بولماسمىدى.

- شۇ ئەمەسمۇ، مەن كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتىمەن.

ـ بۈگۈن بارىدىغان شەھەردىن87 كىلومېتىر كېلىدۇق كىيىن قالساق بولمايدۇ.

ـ نەگە بارىمىز؟

ـ بوستان يېزىسىغا، شۇ يەردىكى كارىزنى كۆرگىلى.

ـ توساتتىن ماشىنىنىڭ ئالدىراق ئولتۇرغان شائىر ئابدۇغېنى سېيىت يېقىملىق ئاۋازدا ناخشا باشلىۋەتتى.

« تاغ ئاراسى، تاغ ئاراسى،

تاغدا كەكلىك بالىسى...

ھەممەيلەن ياخشىنىڭ ئاخىرىقى مىسرالىرىغا جۆر بولدى، ـ دە كەينى ـ كەينىدىن ئولىنىپ زوق ـ شوخ بىلەن ياڭراۋاتقان ناخشا ساداسى شەپەق نورىدا جۇلالانغان ئېگىز تاغلارنىڭ باغرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىشقا باشلىدى.

بىز يىراقلارغا سوزۇلغان تۈپ ـ تۈزساينى كۆككە تاقاشقىدەك ئېگىز تاغلارنى، تاغ ئارىسىدىكى زۇمرەتتەك سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تۇرۇۋىدىغان ئېقىنلارنى؛ ئاشۇ ئېقىن بويلىرىغا جايلاشقان بۈك ـ باراقسان مەھەللىلەرنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، قوياش تىك چۈش بولغاندا كۆزلىگەن مەنزىلگە يېقىنلاشتۇق. كارىز كۆرۈشكە باشلىغاندا ئېگىز ـ پەس كۆتۈرىلىپ چىققان قورام تاشلىق ئاپتۇبوسنىڭ يۈرۈشكەن توچكا ئۈرىۋەتتى. بىرتەرىپى ئېگىز تاغقا ياندىشقان، يەنە بىر تەرىدە سۈپ ـ سۈزۈك سۇ ۋىل ـ ۋىل جۇلالىنىپ ئېقىۋاتقان جىلغىدا ئاپتۇبۇشتىن چۈشتۇق ـ دە، پىيادە يۈرۈپ كەتتۇق، تەبىئەت شۇ قەدەر ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ھەيۋەتلىك تاغنىڭ ئاستىدىكى 1107 مېتىر ئۇزۇن تەشمىدىن چىرىيە خەلقىنىڭ قان ـ تەرىنىڭ مەھسۇلى بولغان مۇزدەك سۇ بولدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقاتتى. ئادەمنىڭ كىيىك بالىسىدەك تاغدىن ـ تاغقا سەكرەپ ئويىنغۇسى، ئاۋازنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى، كىمدۇر سۇغا تاش ئاتسا، كىمدۇر جاھاننىڭ شۇنچە كەڭرىلىكىنى تۈنجى ھىس قىلغاندەك يىراقلارغا ھەۋەس بىلەن سەپسالاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە كىزىپ يۈرگەن بىرلا ئورتاق پىكىر بولۇپ، ھەممىسى چىرىيە خەلقىنىڭ يۈرتىنى

گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەقەتتىن قورۇقمايدىغان، ئۆزىگە بەخت كەلتۈرۈشتە، ئۆزىنى مۇستەھكەملەشتە ئاللىكىملەردىن ئۈمۈت كۈتمەي ئۆز جاسارىتىدىن ئۆز ئەقلىدىن كۈتىدىغان ئالىجاناپ روھىغا ئاپىرىن ئۇقۇشاتتى.

كارىزدىن قايتىۋاتقاندا كىمدۇر بىرى يىراقلاردا قارىيىپ كۆرۈنگەن بۇككىدە دەرەخنى كۆرستىپ:

ـ ئاۋۇ يەردىمۇ بىر كارىز بار، كىشىلەر ئۇنى «نىياز ھېكىمبەگنىڭ كارىزى»دەپ ئاتىشىدۇ. ـ دېدى.

ـ ئۇنى نىياز ھېكىمبەگ كولىغانمىكەن؟

ـ ناتايىن، ئەمگەكچان چىرىيە خەلقى ئۆز قولى بىلەن كولىغان گەپ. نىياز ھېكىمبەگ خوتەننى سوراۋاتقاندا كولانغاچقاشۇنداق ئاتالغان.

ـ ئۇ كارىزدىن ھازىر سۇ ئۆتەمدۇ؟

ـ ئۆتمەيدۇ تىنىپ كەتكىلى خېلى يىللار بولغان گەپ.

ئەتىسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى قوم تىزگىنلەش پونكىتى،باللار پاراۋانلىق مەركىزى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ بولۇپ، گۇلاخما،دامۇكۇ يېزىلىرىغا باردۇق.

قوم تىزگىنلەش پونكىتى چىرىيە بوستانلىقى بىلەن قۇملۇق ئارلىقىدا بولۇپ، بۇ يەردە يېقىندىن بىرى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئۈزۈلمەي داۋاملىشىۋېتىپتۇ. كۆچمە قۇم قەرەلسىز ھالدا خالىغانچە باستۇرۇپ كىلىپ بوستانلىقنى يۇتۇپ كىتىشكە ئۇرىنىدىكەن، چىرىيە خەلقىمۇ بوش كەلمەي لاي ئېقىتىپ ئېتىز بەرپا قىلىش ئورمان سېلىپ بوستانلىق نىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قۇمنى ئارقىسىغا چېكىندۇرىدىكەن. تۇنۇشتۇرلىشچە چىرىيە خەلقى يۇرتى ئۈچۈن جاپا تارتىشقا، قان ـ تەر ئاققۇزۇشقا تامامەن ئەرزىيدۇ.

شۇ قېتىم چىرىيە خەلقى بىزنى شاھانە ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋالدى ئەڭ ئىسىل تائاملىرىنى ، ئەڭ شېرىن نازۇ ـ نىمەتلىرىنى داستىرخانغا تۆكتى.

بىھىشتەك باغلىرىدا ساياھەت قىلدۇردى. ئاپتۇرلارمۇ قولىدىن كىلىشچە جاۋاپ قايتۇردى. نۇرغۇن

شائىرلار چىرىيە توغرىسىدا چىرىيە خەلقىنىڭ مىجەز ـ خارەكتىرى، ئەمخىك سۆيەر روھى توغرىسىدا سۆيەتلىك شېئىرلارنى يازدى. بۆلۈپمۇ يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى شۇ قېتىم ئىرىشكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە»«قۇملۇقتىكى يېشىل كىمە»«يېتىم باللارنىڭ كەلگۈسى گۈزەل بولسۇن»قاتارلىق ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخپاراتلارنى يېزىپ چىرىيە خەلقىگە بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى. شۇ قېتىمقى يېغىن خوتەندىكى بايرىمىنىڭ ناھىيەلەردە ئۆتكۈزۈلىشى شۇ يېغىندىن باشلاندى. يازغۇچىلار ھەر قاچان يىغىنغا جەم بوغاندا چىرىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاشۇ بايرامنى، چىرىيە خەلقىنى، شۇنداقلا ئاشۇ باشلانمىنى روياپقا چىقىرىپ بەرگەن مەرىپەتپەرۋەر رەھبەرلەرنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. چىرىيەدىكى ئاشۇ گۈزەل سەيلىگاھلارنى ئەسلىشىدۇ.

### 3. قارىقاشتا بايرام

1994 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەدىپلەر بايرىمى قارىقاشتا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قارىقاش ناھىيىسىنىڭ ئۇمۇمى ئەھۋالىدىن تەپسىلى دوكىلات بەردى. يىغىننىڭ باشلىنىشى خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئەسلى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ، گۇما ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ كىلەر يىللىق يازغۇچىلار بايرىمىغا تەكلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. «بازار چاققانىنىڭ »دىگەندەك كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ۋەكىلى بۇرۇن سەھنىگە چىقىپ 95 ـ يىللىق ئەدىپلەر بايرىمىنى كېرىيەدە ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىۋىدى، زال چاۋاك ساداسىدىن تىترەپ كەتتى. ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدىغان بۇ كۈنلەردەخوتەندەك نامرات ۋىلايەتنىڭ ناھىيە، يېزىلىرى ئۈچۈن ئون نەچچە مېھماننى كۈتۈشمۇ خېلى قىيىن. ئەمما ئۇلار ئون نەچچە ئەمەس، يۈز نەچچە يازغۇچىنى بىر ھەپتە كۈتۈش نۆۋىتىنى تالاشماقتا ئىدى. بۇ ئىش بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

خەلقىنىڭ بىزنى شۇقەدەر چۈشىنىدىغانلىقىنى، ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يازغۇچىلىرىدىن ئاجايىپ چوڭ ئۈمۈتلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى ھىس قىلىشتۇق. قارىقاش ناھىيىسىدە ئۆتكۈزگەن

يىغىن خوتەن ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە بىر يېڭى سەھىپە ئاچتى. بۇ يىغىندا خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيتى روياپقا چىققاندى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى، مەرھۇم ئاتاغلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردى بىلەن «شىنجاڭ ياشلىرى»ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ تەبرىك خەتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

قارىقاش ناھىيىسىدىكى سەيلى ـ ساياھەتمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك باشلاندى. لىرىك ناخشىلىرى بىلەن تونۇلغان ئابدىخلىل ئاكا نەقشلىك دۇتتارىنى مۇڭلۇق پەدىگە سايرىتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى گاھى ئېگىز تاغ ـ جىرالارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسە، گاھى تىنىچ ئۇخلاپ ياتقان دېڭىزنى ئەسلىتەتتى. گاھ شوخ، سەبى بۇۋاقلارنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرىنى نامايەن قىلسا، بەزىدە قىران بۈركۈتتەك ئەزمەتلەرنىڭ چېلىش مەيدانلىرىنى ئەسكە سالاتتى.

قارىقاش خەلقى چوڭ يوللارنى، كوچىلارنى چالاقويماي سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغىغۇدەك پاكىزە تازىلىۋەتكەنىدى. بىز بىر يېزىدىن ئىككىنچى يېزىغا، بىر كەنتتىن باشقا بىر كەنتكە ئۆتكەندە، ھەتتا مەھەللىدىن مەھەللىگە ئۇلاشقاندىمۇ ئۇلار ئالدىمىزنى توسۇپ ناۋاتتەك تەملىك قوغۇن،تاۋۇز،ۋە يەنە ھەر خىل شىرنىلىك مۇئلىرىنى قوش قوللاپ تۇتاتتى. كەنت تەشكىلىنىڭ ھويلىلىرىدا ،يول ئۈستىدىكى ئازما ـ چۇشۇرگۈلەرنىڭ بېشىدا، ئىش قىلىپ ئادەم توختايدىغانلا دوقمۇشلارنىڭ ھەممىسىدەشۇنداق ئەھۋال تەكرارلىنىپ تۇراتتى.

ئاق ساراي يېزىسىدىكى «چىنار پادىشاھى»نىڭ تۈۋىگە كەلگەندە قىزىقارلىق ئىشلار بىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىۋالدى، ئەدىپلەر چىنارنىڭ نەچچە مو يەرگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان شاخ ـ پۇتاقلىرىغا، كەڭ كىرىلگەن ئالقاندەك ئەتلىك يوپۇرماقلىرىغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. چىنارنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ خاسۇرەتكە چۈشەتتى. شۇ ئەسنادا «ئاۋۇ يەرگە قارا »دەپ نۇقىدى بىرى. بۇرۇلۇپ قارىسام خۇددى يوغان چىنارنىڭ مۇئەككىلىدەك يوغان بىر ئادەم بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. بۇ مۆجىزە ھەيرانلىقىمىزنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتىرۋەتتى، ھەددىدىن زىيادە يوغان

چىنار،ھەددىدىن يۇغان ئادەم . . . يەنەكىلىپ ئۇلار بىر يەردە. بۇ ئىككىسى گۇيا بىر ـ بىرى بىلەن تەقدىرداشتەك، قاچانلادىدۇر مۇشۇ ئىگىز چىنا بىلەن گىگانت ئادەم ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش بولۇپ، كىيىن تەبىئەتنىڭ سىھرى كارامىتى تۈپەيلىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى تۈرگە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. قىسقىسى بۇ يەردە ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان،جاھاندىكى جىمى مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئۆزىلا بىلىدىغان سىر، ھىكمەت باردەك قىلاتتى.

باياتتىن بىرى ئىگىز بويىلۇق چىنار بىلەن رەسىمگە چۈشكەن ئەدىپلەر ئەمدى ئىگىز بويىلۇق چىنار بىلەمن رەسىمگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭدىن خالىغان گەپلەرنى سورىغىلى تۇردى.

ـ ئىسمىڭىز نىمە؟

ـ ھىدايەت ئاخۇن.

ـ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

ـ يىگىرمە تۆت ياشقا.

ـ خۇتۇن ئالدىڭىزمۇ؟

ـ ئالغان، ئانىسىنىڭ ئۇيىگە قېچىپ كەتتى.

چىرايىدىن بىر خىل سادىدىلىق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم كىم نىمىنى سورىسا ئۇدۇللا جاۋاپ بىرىپ پەرۋاسىز قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ياكى قىزىقىش ، ياكى بىزار بولۇش ئىپادىسى كۇرۇنمەيتتى.

ئاق ساراي يېزىسى بىلەن خوشلىشىپ سايباغ يېزىسىغا كەلدۇق. سايباغ خەلقىمۇ بىزنى كاتتا ئىھتىرام بىلەن كۇتىۋالدى. يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇرۇكلۇك بېغىدا خەلق سەنئەتكارلىرى داپ،دۇتتار، تەمبۇر. . .دىگەندەك خەلقىمىز ئارىسىدا ئەۋلاتمۇ ئەۋلات ساقلىنىپ كەلگەن مىللى سازلار بىلەن مەشرەپ باشلىۋەتتى بۇ ناخشىلارنىدىن تىڭگە يىتىپ بولمايدىغان بىرخىل مۇڭ ئارزۇ ـ تىلەك ئەلىس ئىتەتتى.

ئەتىسى قويچى، قاراساي يېزىلىق ئالما، نەشپۈتلىك باغلىرىنى، ئۈزۈم بارگىلىق ھويلىلىرىنى،

بولۇق ئوخشىغان قوناق ۋە غوزەكلىرىنى ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان كېۋەزلىرىنى كۆرۈپ بولۇپ ياۋا يېزىسىغا كەلدۇق. قوياش خۇددى پىشانىمىزدە يىلىنجاۋاتقاندەك قىززىغلىق دەستىدىن ئۇرە تۇرۇشىمۇ قىيىن ئىدى.

يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. قوملۇقتا يېقىنلاشقانسېرى بىر ئۇچچى ئاسمانغا تۇتاشقان خادا قويۇندەك ئېگىز ۋە چوڭ دائىرىلىك چاڭ - تۇزان كۆرىنىشكە باشلىدى. بىزنىڭ ماشىنىلار ئاشۇ چاڭ - تۇزان تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئازراق ئارلىق قالغاندا ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئادەملەرنىڭ ھايت - ھۇيتلىرى، كەتمەننىڭ ئاندا-ساندا بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ كېتىشلىرى ئاڭلانغىلى تۇردى. ئەسلى بۇ يەردە ياۋا يېزىسىنىڭ دىھقانلىرى قومنى يېرىپ بوز يەر ئېچىۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، چىرايى قارىداپ، لەۋلىرى چاك-چاك يېرىلغان ئىدى. باش كۆزلىرىگەقونغان توپا تەر دەستىدىن قاپ-قارا لاي بولۇپ ساقىشماقتا ئىدى. ئادەملەر گۈپۈلدىشىپ توختىماي چاپاتتى. قورسىقى چاپلىشىپ كەتكەن سالپاڭ قولاق ئېشەكلەر قامچا، تاياقتىن قورقۇپ ھارۋىنى ھارغىن سۆرەيتتى. ئۇلار قانچىلىك ئادەم، ئەمگەك مەيداننىڭ بېشى نەدە، ئايىغى نەدە بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

بىردەمدىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت قوروسىغا قايتىپ چىقتۇق، يېزىنىڭ شۇجىسى ھاشىم ماڭسۇرياۋا يېزىسىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ تولىراق بوز يەر ئېچىش توغرىسىدا توختالدى. بوز يەرنى كۆپلەپ ئاچقاندا ئاندىن ياۋا خەلقىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، باياشاد تۇرمۇشقا ئېرىشۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تازا ئوغۇرلۇ تەلەپپۇزدا ئوتتۇرغا قويغان ئىدى...

تاماقتىن كېيىن مەشرەپ باشلاندى. سازغا تەڭكەش قىلغىنى ئەزەلدىن مەن ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان خەلق ناخشىلىرى سەھنىدە ئوينالغىنى مەن ياخشى كۆرىدىغان مىللى ئۇسۇل بولسىمۇ بۇ قېتىم مەيلىمنى تارتالمىدى، مەن ئاق سارايدىكى چىنار سەيلىسىدەك ھاياجانلىنالمىدىم. سايباغ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىغىدىكى مەشرەپتەك زوقلىنالمىدىم، كۆز ئالدىمدا توپنىڭ ئارىسىدىن ئۈمۈلەپ چىققاندەك باش ئۇستىنى چاڭ - توزان باسقان ياداڭغۇ دىھقانلار گەۋدىلىنەتتى.

خۇلاسە قىلىنغان كۆنى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شائىر مۇھەممەت چاۋار يازغۇچىلار جەمئىيىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا يازغۇچىلارنىڭ چىرايىدا شادلىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى. قىزغىن چاۋاك ساداسى ئۇزاققىچە بېسىقمىدى. شۇ مەيداندا ئاۋازغا قويۇش ئارقىلىق خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باشقا كاتىپلىرى سايلاپ چىقىلدى. سايلامدىن كېيىن «يېڭى قاشتېشى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى شۇ يىللاردا ئىجادىيەتكە بىر قەدەر مول نەتىجە قازانغان ئون نەچچە ئاپتورلارنى مۇكاپاتلىدى.

## 4 ـ كېرىيەدە بايرام

1995 ـ يىلى كېرىيە ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدىپلەر بايرىمى دەل دەرەخنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان كەچ كۈز پەسلىگە توغرا كەلدى.

بىز يېتىپ بارغاندا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ھۆپۈل ـ تۆپۈل كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مېھمانخانىسىغا جايلىشىۋالدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە قارىساق ياتاقنىڭ تام ـ تورۇسلىرى قارىداپ كەتكەن، كۆزنەكلەر چىقىلغان، بەزى ئۆيلەرنىڭ لاي لەمپىسى ئاجراپ تېزىق ـ تېزىق قومۇشلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىكەن. يازغۇچىلار ئاجايىپ ئادەملەر ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجدىمائى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن مال ـ دۇنياسىنىڭ ئازلىقىدىن، سورۇنلاردا تۆرگە داخىل بولالمىغانلىقىدىن قىلچە ئەپسۇسلانمايدۇ. ئەمما بىرەر نادان تەرىپىدىن ئىنسانى ئىززىتى ھاقارەتلەنگۈدەك بولسا دەرھال قوينىڭ قورىسىدەك ھالىتىدىن، يولۋاستەك، شىردەك ھالىتىگە ئۆتىدۇ. شۇ قېتىملىق ھېچقايسى يازغۇچى زارلانمىدى. ناچار ياتاقلارغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەپسۇسلانمىدى. بەلكى مۇشۇ قۇتلۇق بايرامغا داخىل بولالمىغانلىقى ئۈچۈن چەكسىز خۇشال ئىدى. ئەتىگەن ئورنىمىزدىن ئىرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇۋاتقاندا بىرسى ياتاققا يۈگرەپ كىردى ـ دە،

ـ ۋالى كەپتۇ، ـ دىدى.

- يالغان گەپ قىلماڭلا ئاداش، تاڭ ئەمدى سۈزۈلگەن تۇرسا.

- راست ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار.

بىر ئىشنىپ - بىر ئىشەنمەي سىرتقا چىقتۇق، دىگەندەك ۋالى جۇرئەت مەمتىمىن ماشىنىدىن چۈشتى. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مەتنىياز رەجەپ، «يېڭى قاشتېشى»ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدۇراخمان، ۋە يەنە بىر نەچچە كىشى ۋالىنىڭ ئەتراپىغا ئۇلاشتى. ۋالى ئۇلارنى ئەگەشتۇرۇپ كىچىدىن بىز ياتقان ياتاقلارغا كىردى. بىر نەچچە يازغۇچى بىلەن كۆرۈشۈپ ھال سورىدى. بىر قانچە ياتاقنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلدى ۋە ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ كىلىۋاتقان مەتنىياز رەجەپتىن سورىدى.

- يېڭى ياتاقلار پۈتتى دەۋاتاتتىڭلارغۇ؟

- پۈتكەن، ئۇياتاقلارغا تېخى مىھمان قوبۇل قىلمىدۇق، لىنتا كىسىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىۋەتسەك ئاندىن مىھمان قوبۇل قىلماقچى.

- سىلەر ئۇ ياتاقنىڭ لىنتا كىسىش مۇراسىمىنى مۇشۇ يازغۇچى - شائىرالار بىلەن ئۆتكۈزمەي، كىم بىلەن ئۆتكۈزمەكچى؟ياتاقتا تۈنجى قېتىم مۇشۇنداق خوتەننىڭ مۆھتىۋەرلىرىنى قوبۇل قىلماي كىمنى قوبۇل قىلماقچى؟!

- ۋاي ئىست، ئەقلىم نەگىمۇ كەتكەن بوغىيدى، - ھاكىم ئۆزىنى ئەيىپلىگىلى تۇردى، - دەرھال يۆتكەيلى ۋالى.

ئاپتۇرلار دەرھال يېڭى بىڭگۇەنگە كۆچمىسۇن! - دىدى ۋالى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.سومكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كونا مىھمانخانىنىڭ شىمالى تەرىپىدە قەدكۆتۈرۈپ تۇرغان قەۋەتلىك بىناغا چىقتۇق. يېڭى مىھمانخانىنىڭ ياتاقلىرى ئازادە، يورۇق، ھەممە ئەسلەھەلىرى تولۇق بولۇپ ئەتە ئاخشاملىرى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ناھايىتى قۇلاي ئىدى.

مىھمانخانىدىن يىغىن مەيدانىغىچە كەلگۈچە ئۈچتىن سەپ بولۇپ تىزىلدۇق. ناھىيلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاتىسلىرى ئالدىمىزدا ئۇسۇل ئويناپ ماڭدى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا قاتار

تىزىلغان ئوقۇغۇچىلار رەڭگارەڭ گۈلدەستىنى پۇلاڭلىتىپ «يازغۇچىلارنى قارشى ئالىمىز»دەپ ھاياجان بىلەن توۋلىشاتتى. مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن كىرىيە خەلقى بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ تاكى يىغىن ئېچىلىدىغان زالنىڭ ئىشىكىگىچە ئۈزۈلمەي ئېقىپ كىلىشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن كىرىيە ھاكىمى رەجەپ ناھىيلىك يەر كۆلىمى، نوپۇسى، مائارىپ ۋە باللار پاراۋانلىقى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. گويا ناھىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىنقى يىلى قارىقاش يىغىندا ئۇقۇشقا ئۈلگۈرمىگەن تەكلىۋى ئوقۇلدى.

شۇ قېتىمقى مۇراسىمدا كىرىيە ناھىيىسىدىن شائىر مۇھەممەت ئەيسا قۇربان. خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىدىن شائىر ئابدىغېنى سېيىت، قارىقاش ناھىيىسىدىن شائىر، دراما تۈرۈڭ مەمتىمىن قۇربان، گۇمىدىن ئابدىقادىر سادىر قاتارلىق تۆت نەپەر ئاپتۇرلارغا تون كىيگۈزۈلدى. بۇ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تون كىيگۈزۈش بولۇپ، بىرىنچى قېتىمقىسى 1994 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خوتەن مېھمانخانىسىدا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ چاغدا يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، مەتقاسىم ئابدىراخمان، شائىر رۇزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان قاتارلىق ئۇستازلارغا كىيگۈزۈلگەن ئىدى.

بۇ قېتىمقى تۆت نەپەر ئەدىپكە تون كىيگۈزۈلۈپ بولغاندىن كىيىن گويا ناھىيلىك يازغۇچىلار جەمئىيتى يازغۇچى ئابدىقادىر سادىرغا يەنە بىر تون كىيگۈزدى. مۇراسىمدا ۋالى جۈرئەت مەمتىمىن تون كىيگۈزۈلگەن تۆت نەپەر ئەدىپتىن سەممىي ھال سۇرايدىغانلىقىنى،ھەمدە بۇنداق تون كىيگۈزۈش پائالىيتىنىڭ يەنە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ئەتىسى سەھەردىلا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە قاراپ يول يۈرۈپ كەتتۇق. سۈيى تارتىلىپ كەتكەن كىرىيە دەرياسىنىڭ ئىككى قىسرىقىدىكى سارغايغان ئوت ـ چۆپلەر ئەمدىلا كۆتىرىلگەن قۇياشنىڭ نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ياتاتتى. دەريا ساھىلى تىگى يوق بىر خىل جىمجىتلىق ئالىمىگە غەرىق بولغانىدى. بىردەمدىن كىيىن يىگى ئېچىلغان بوز يەرلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر تەرىپى كەنتكە ياندىشقان. يەنە بىر تەرىپى كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغا سوزۇلغان قۇملۇققا كەلدۇق.

شائىر رۇزى سايىت ئۆزىنىڭ پۇل تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

- خالايىق ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار!يانچۇقى تالاپەتكە ئۇچرىغانلار پىقىر بىلەن ئالاقىلىشىڭلار، يىتكەن پۇلنىڭ نەخ سانىنى، رەڭگىنى، قەددى-قامىتىنى ئىنىق ئېيتىپ بىرەلىسەڭلار تاپشۇرىمەن.

- قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز رۇزاخۇن پۇل دىگەننىڭمۇ ئايرىم رەڭگى، قەددى- قامىتى بۇلامدۇ؟- دىدى تەتقىقاتچى ئابدى قادىر تۇرسۇن .

- بىكارغا ئىش يوق، بەلگىسىنى تۇلۇق ئېيتىپ بەرمىسە بەرمەيمەن.

- مىنىڭ پۇلۇم يىتىپتۇ.- يازغۇچى مەتسېلىم مەتقاسىم يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

- قېنى دەڭا نەچچە پۇل ئىدى؟

- بەش يۈزكويدىن كۆپرەك.

- نەخ سانىنى دەڭ.

ئويتوغراق يېزىسىنى ئايلىنىپ چۈشۈشكە يېقىن «بۇغرا قۇم»دىگەن جايغا يىتىپ كەلدۇق- دە، ئاسمانغا تىك كۆتۈرۈلگەن قۇم دۆۋىسگە ياماشتۇق. ھەممىمىز خۇددى ئېغىر بىر نەرسە يۈدىۋالغان دۈمچەك بۇۋايدەك پۈكلىنىپ قەدەم ئالاتتۇق. ھەر قانچە كۈچسەكمۇ ئايغىمىزدىكى قوم سىماپتەك ئېقىپ، سۇدەك ساقىپ قەدىمىمىز بۇرۇنقى ئىزغا كېلىپ توختايتتى.

كىمدۇرقاتتىق ھاسرايتتى، توختاپ يەنە ماڭاتتى. قەددىنى رۇسلاپ تېلىپكەتكەن بەللىرىگە پوك - پوك مۇشتلاتتى. بۇرۇن چىقىپ بولغانلار قايىەلدە تىرمىشۋاتقانلارغا مەدەت بىرىپ ۋارقىرايتتى...

ئاخىرى ھەممىمىز پوققىغا چىقىپ بولدۇق قوم مىنارنىڭ يان باغرىدا چاتقاللار قاپلاپ ياتقان قەبرىستانلىق، ئۇنىڭ نېرىسىدا يالىڭاچلارغان ئېتىزلىق، ياپراقلىرى سايغارغان دەل - دەرەخ پاكار - پاكار دىھقان ئۆيلىرى... ھويلىلاردا، ئۆگزىلاردە، باغلاردا ئاقلانغان قىپ - قىزىل قوناق دۆۋىسى ... مەھەللىدىن قويلارنىڭ مەرىشلىرى كېلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىكى باش ئۇچى كۆرىنمەيدىغان قوملۇقتىن بوز تورغاينىڭ چۇ - چۇلاشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئۆزەڭنى ساماۋى

چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن سىرلىق دۇنيادا تۇرىۋاتقاندەك سىزىسەن، خىيالىڭ يىراقلارغا ئۇچىدۇ. ياق يىراقلارغا ئەمەس مۇشۇ قومۇ مۇنارنى ئايلىنىپ كىتەلمەيدۇ.

«بۇ يەردە نىمە خاسىيەت باردۇر؟» بۇ قوم مۇنار نىمىشقا كەنىت بىلەن قۇملۇقنىڭ چىگىرسىغا. ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىمىشقا چىچىلمايدۇ، بۇراندا توزۇپ كەتمەيدۇ... شۇ چاغدا كالاللىڭدا توساتتىن بىر چاقماق چاقىدۇ - دە، سىر يېشىلگەندەك بولىدۇ، بۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ كارامەتلىرىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى، ئەسلى بۇ قۇم مۇنار قۇملۇق بىلەن كەنىتنىڭ ئوتتۇرسىدىكى توسۇق، كەنتنى قوم يۇتۇپ كېتىشتىن ساقلايدىغان جالىس قاراۋۇل ئۇ كۆپمەس قومنى ئۆزىنىڭ مەزمۇت گەۋدىسى بىلەن توسىدۇ، ئۇلۇغ تەبىئەت ئۇنى مەشەدە ئەنە شۇنداق شەرەپلىك ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. شۇڭا ئۇنى « مۆجىزە» دىمەي ئامالىڭ يوق.

ئەدىبلەر دۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپلا قومغا ئۆزىنى تاشلاپ يېتىشتى، قۇمنى قولىرىغا ئېلىپ سورۇنيتتى، باغرىنى قومغا ياقاتتى، پەسكە قاراپ خۇددى كەپسىز باللاردەك دوملايتتى. قىسقىسى ئۇلار تەبىئەت بىلەن بىرگە گەۋدە بولۇپ، قوم يازغۇچىغا، يازغۇچى قومغا ئايلىنىپ كېتەشتى. مۇشۇ قۇم مۇنارنى مەڭگۇ ئەستە ساقلىماقچى بولغاندەك خىلمۇ - خىل كۆزنىشتە رەسىمگە چۈشۈشتى.

- بۇ يەر راستىنلا بىر سىرلىق جايكەن، دىدىم قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە قاراپ قەدىمقى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىچە، - دەپ گەپنى باشلىدى. تەتقىقاتچى ئابدۇقادىر تۇرسۇن، - بۇرۇن بۇ يەردە قىلىچ بوغراخان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتۈپتىكەن، ئۇ ناھايتى ئادالەتپەرۋەر، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يىتىدىغان، ساپدىل خاقان ئىكەن. يىللار ئۆتۈپ قىلىچ بوغراخىننىڭ قەبرىسى ئەمزلەپ مۇشۇ ھالەتكە يىتىپتۇ. بىر زامانلارغا كەلگەندەك ئوسمان ئىسىملىك بىر كىشى يۇرت سوراپتۇ.

ئوسمان زالىم، ھاكاۋۇر، ئەقلسىز بولغاچقا كىشلەر ئۇنىڭدىن قاخشايدىكەن، قىلىچ بۇغراخاننى سېغىنىپ ھۆركمەتتە تىلغا ئېلىشىدىكەن، بۇنى بىلگەن ئوسمان قىلىچ بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى تۈزلىۋېتىپتۇ، ئۇلار ئەتىسى كېلىپ قارىغۇدەك بولسا قەبرە بۇرۇنقى ھالىتىدە ھەيۋەت

بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغۇدەك ئوسماننىڭ ئوغسى قايناپ ئادەم كۈچىنى كۆپەيتىپتۇ ، ھاشارچىلار بىر قانچە يىل قامچا ، كالتەك ئاستىدا ئىشلىگەن بولسىمۇ بۇ قۇم مۇنارنى غولتالماپتۇ . ئامالسىز قالغان ئوسمان كېچىسىمۇ

ئىشلەشكە پەرمان قىلىپتۇ ، ۋە ئۆزىمۇ بۇ يەردىن كەتمەپتۇ كېچىسى قاتتىق بوران كۆتىرلىپ كىشلەر كۆزىنى ئاچالماي قاپتۇ ئەتىسى قارىسا ئوسمان يوقمىش ئوسمان شۇ يۇتكەنچى ئىكىنچى قايتا كۆرىمەپتۇ ، بۇ يەردىكى تۆزلەشكە زورلايدىغان زولۇممۇ توختاپتۇ .

مەن بۇ رىۋايەتنى ئاڭلىغاچ قۇمغا قارىدىم . قوم مۇ نار بارغانچە غولدا كېتىۋاتقاندەك كۆرىنەتتى .شۇ كۈنى بىز يەنە ئويتوغراق يېزىلىق ياشانغانلار سانتورىيىسگە كەلدۇق ، ساناتورىيە باشلىقنىڭ دىيىشچە تېخى يېقىندىلا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ توينى قىلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ ، ئاڭلىماققا بۇمۇ قىزىقارلىق بىر ھېكايە .

ـ ئۇلار ياش ۋاقتىدا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىشىدىكەن ، ـ دەپ گېپىنى باشلىدى سانتورىيە باشلىى ، نىمە سەۋەپتىندۇر قوشۇلۇش نىسىپ بولمغانكەن . يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىككىسى ئاللا ياراتقان بۇ كەڭرى زىمىننىڭ باشقا ـ باشقا بۆلىكدە قېرىپتۇ ، بۇ جەرياندا بىر ـ بىرىنى ئۇنۇتقانمۇ ، ياكى ئەستە ساقلىغانمۇ بۇ تەرىپى نامەلۇم . ھەر ئىككىلىسى قېرىغاندا ئىگە چاقسىز قالغاندا سانتورىيەگە ئەكەلدۇق ، ئەمىلىيەتتە ئەرنى بۇرۇنراق ئەكەلگەن ، ئايالنى ئەكەلگەن كۈنى ئەر ئۇنى تونۇپقاپتۇ ، ئەر نىرۋىسىدىن سەل ئاداشقانكەن ، ئايالنى كۆرۈپلا خەخنىڭ كۆزىچە قوچاقلىۋالدى . مۇھەببەت دىگەن تولىمۇ قودرەتلىك نەرسكەن .

شۇنچە ياشقا كەلگىچە ئۇلارنىڭ بىشىدىن نوغۇن ئىشلر ئۆتكەن بولسىمۇ ، يىللار ئۇلارنى قېرىتىپ ھالىدىن كەتكۈزگەن بولسىمۇ مۇھەببەتنى قېرىتالماپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن رەسمىيىتىنى بجىرىپ توينى قىلىپ قويدۇق .

كېرىيە ناھىيسىدىن ئايرىلغىچە يازغۇچىلار بو غەلىتە ھېكاينى ئېغىزىدىن چۈشۇرمىدى .

بىز يەنە كېرىيە ناھىيسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تاغنىڭ باغرىدىكى باش ئازمىنى ،

كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئۆزۈمچىلىك بازىسى بولغان لەڭگەر يېزىسىنى زىيارەت قىلدۇق، لەڭگەردە كىرىيەدە ئۆتكەن خەلق سەنئەتكارى مەڭلەشخاننىڭ شاگىرتلىرى بولمىش بىر توپ سازەندىلەر ئۆزگىچە ئاھاڭدىكى لەرزان مۇقاملارنى ئورۇنلاپ بەردى.

خۇلاسە يىغىندا ئاپتورلار كىرىيە خەلقىگە لەۋھە تەقدىم قىلدى. بىر مۇنچەلىغان شائىر كىرىيە خەلقىنىڭ ئەمگەكچانلىقىدىن، مېھماندوسلىقىدىن تەسىرلىنىپ يازغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. بولۇپمۇ شائىر روزى سايىتنىڭ «قەلەمكەشنىڭ بىساتى يوق رەھمىتى كۆپتۇر»دېگەن شېئىرى ئالاھىدە ئالقىشلاندى. قىسقىسى كىرىيەدىكى بايرام خوتەن دىيارىدىكى ئەدىپلەرگە تۈگىمەس ئىجادى ئىلھام بەخش ئەتتى.

5 ـ گۇمىدا بايرام

1996 ـ يىللىق ئەدىپلەر بايرىمى گۇما ناھىيىسىدە چاقىرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا بېرىپ، كېلىش ئۇچۇنمۇ ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى ھەقسىز ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنىدى. شەھەردىن سەل كەچرەك يولغا چىققانلىقىمىز ئۈچۈن كىچە خېلى بىر يەرگە بارغاندا گۇمىغا كېلىپ ياتاقلارغا ئورۇنلىشىۋالدۇق.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا گۇما ناھىيىسىنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ھازىرقى ۋالىسى ئۆمەر ئابدۇللا بارلىق گۇما خەلقىگە ۋاكالىتەن ۋىلايەتلىك ئەدەبى ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ گۇمىدا چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى؛ ئەدىپلەردىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەمدە گۇما خەلقىنىڭ دېھقانچىلىق، سۇ قۇرلىشى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، مەدەنىي ـ مائارىپ ...جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئارقىدىنلا لوپ ناھىيىسىنىڭ ۋەكىلى كېلەر يىللىق ئەدىپلەر بايرىمىنى لوپ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يىغىن ئەھلىنى قاتتىق خۇشاللاندۇرۇۋەتتى. ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «يېڭى قاشتېشى»ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى يېقىنقى يىللاردىن

بىرى مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بىر قىسىم ئاپتۇرلارنى مۇكاپاتلىدى.

يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ غەربى ـ جەنۇب تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن بۇلۇتلار كىشىنىڭ كۆڭلىگە يامغۇر ۋەھىمىسىنى سالاتتى. ئالاھىزەل بىرەر سائەتتىن ئۇشۇقراق ماڭغاندىن كېيىن يول تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەتراپتىكى يېڭى ـ يېڭى مەنزىرىلەر كىشىنى زوقلاندۇراتتى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى تاغلارنىڭ چوققىسىدىن پەسكە قاراپ سوزۇلۇپ چۈشكەن دۇتتارنىڭ تارلىرىدەك قاتار ـ قاتار ئېرىقچىلاردا يامغۇر سۈيى ئاقاتتى. ئوڭ تەرىپىدە كىچىكرەك دەريا، قىرغاقتىكى يۇپ ـ يېشىل چۈپلۈكتەبىخارامان ئوتلىشىپ يۈرگەن قوي، كالاپادىلىرى، بىر تۇياق سىرىق مۇزاي قۇيرۇغىنى خادا قىلىپ ئۇياقتىن ـ بۇ ياققا قېيغىتىپ چاپماقتا...

قوشتاغ يېزىسىنىڭ ئىسمىسلا دىگەن يېرىگە يەتكەندە ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ توختاتتى. بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ تاش يول بۇيىدىكى بۈككىدە دەرەخلىك ئارىسىغا جايلاشقان زەرەتكارلىققا كەلدۇق. بۇ يەرگە (1867 ـ 1950)ياشاپ ئەدەبى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەرھۇم شائىر ئىسمايىل ھاجىم كۆمۈلگەنىدى. يامغۇر شارقىراپ ياغماقتا. ئەتراپتا قېرى تېرەك، جىگدە دەرەخلىرى، دۈمچەك ـ دۈمچەك قەبرىلەردىن ئۆتۈپ چىققان قۇمۇش، يانتاقلار. قايسىدۇر بىر قەبرىنىڭ بېقىنىنى سىرىق قورۇقلار كولاپ موللەك ـ موللەك توپا چىقىرىۋەتكەن. بۇ يەردىكى جىمى ئالامەتلەر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئاداققى مەنزىلنىڭ قورقۇنۇچلۇق كۆلەڭگىسىنى تاشلايدۇ... ئىسىل يۇپۇرماقلار بىلەن يېپىلغان مەقبەرىسىنى چۆرىدەپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆرۈردۇق. چىرايلاردىن، كۆزلەردىن، ھەتتا تىنىقلاردىنمۇ بىر خىل مۇسىبەت، پىراق يىلىنجايتتى. مەن ئۇدۇلۇمدا بېشىنى ئىگىپ ئۇنسىز نىدا قىلىۋاتقان شائىر ئابدۇللا مەتمىنگە قارىدىم. ئۇنىڭ يامغۇر سۈيى بىلەن ئارلىشىپ كەتكەن كۆز ياشلىرى ياداڭغۇ مەڭزىنى بويلاپ ئاقاتتى.

ھاكىم ئۆمەر ئابدۇللا بىلەن، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، شائىر مۇھەممەتچاۋار، مەرھۇمنىڭ مەقبەرىسىگە يېپىلغان يۇپۇقنى ئاستا كۆتۈردى. ئاشۇ يۇپۇقنىڭ

ئېچىلىشى بىلەن تەڭ مەرھۇم شائىر چاچراپ تۇرۇپ بىز بىلەن كۆرشىدىغاندەك، قەبرىسىگە پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن تىكىلدۇق. يۈرەكلەر بوغۇزىمىزغا تىقىلدى. ئەپسۇسكى ھېچقانداق مۆجىزە يۈز بەرمىدى. ئەمما ئۇنىڭ تىنى مۇشۇ قارا تۇپراق ئاستىدا قالغىنى بىلەن روھى بىز بىلەن بىللە ئىدى.

يۈپۈق ئېچىش مۇراسىمىدىن كېيىن كىلىياڭ يېزىسىغا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ نەۋئابات تاجىك مىللى يېزىسىغا كەلدۇق. گۇما ناھىيە بازىرىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 4000 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ تاغلىق رايۇندا يامغۇر ئېخىمۇ دەھشەت يېغىۋاتاتتى. ئالدى بىلەن يېزا باشلىقى بىزگە نەۋئابات تاجىكلىرىنىڭ تارىخى كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى تەسىرلىك ھىكايە قىلىپ بەردى. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى ئۈستى ئوچۇق سەينادا مەشرەپ باشلىدى. بۇ تاجىك خەلقىنىڭ ساپ مىللى ھىسياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەنئەنىۋى مەشرەپ ئىدى. خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن قايناپ چىققاندەك ئىزگۇ ئاۋازدا ئېيتىلغان شۇ قەدەر يېقىملىق بۇلۇپ، ۋاپادار ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت قىسسىنى ئۇقۇۋاتامدۇ، ياكى ئاتا بوۋىسىنىڭ 1660 ـ يىللىرى ئانا يۇرتى ئافغانىستاندىن ئايرىلغان چاغدىكى كۆلپەتلىك ئۆتمۈشىنى ياد ئېتىۋاتامدۇ بۇنى بىر ئاڭلاشتىنلا بىلىپ كەتكىلى بولمايتتى. ناخشا تازا ئەۋجىگە كۆتىرىلگەندە بىر نەچچە يىگىت بىلگە تاجىكچە بەلباغ، بېشىغا تەلپەك كىيىپ ئۇسۇلغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئويناشلىرى نەۋقىران بۈركۈتنىڭ كۆكتىكى پەرۋازىنى ئەسلىتەتتى.

ئەتىسى قارا تاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلدۇق. ئېتىزلىقتىكى جۈپ ـ جۈپ باشاق ئالغان قوناقلار، باغلاردىكى شاخلىرىنى ئېگىپ تۇرغان چىندەك چوڭ، چوغدەك قىزىل، ھەسەلدەك تەملىك ئالملار . . . جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئەجرىنى نامايان قىلىدۇ. پۈت ـ قوللىرى چاك ـ چاك يېرىلغان، ياغاق يۈزلىرىنى شامال يالاپ، كالپۇكلىرى گەز باغلىغان دېھقانلار ھەر بىر تۈپ زىرائەتنىڭ، مۆۋىلىك دەرەخنىڭ تۈۋىدە كۆزنەككە غىل ـ پال كۆرنىگەندەك بولىدۇ. بۇ يەردە يەنە تۇردى ھاجىم قورۇسى دىگەن بىر خارابە بار. زامان ـ زامانلاردىن بىرى ساقلىنىپ كەلگەن بۇ

ھەشەمەتلىك بىنا دۆڭنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان. ئۆينىڭ ئىچىگە كىرسەڭ تىنىڭ جۇغۇلدايدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تورۇسنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز ئىككى دانە لىم ياغاچ ھېلىلا بېشىڭغا چۈشىدىغاندەك

كۆرۈنىدۇ، ئەمما چۈشمەيدۇ. لىمنىڭ ئالىقەيەرلىرىنى قۇرۇت يىگەن، تامنى چاشقان كولاپ ئۆتمە ت تۆشۈك قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، يىگى زاماننىڭ مودا قوغلۇشۇپ سېلىنغان پارقىراق ئۆيلىرىدىن نەچچىنى قېرىتالايدۇ.

بىز يەنە ياپچان سۇ ئامبىرى، سانجۇ سۇ ئامبىرى قاتارلىق جايلارنىمۇ زىيارەت قىلدۇق. سانجۇ سۇ ئامبىرنىڭ دائىرسى ناھايىتى كەڭرى بولۇپ قارشى قىرغىقى خۇددى ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرىنەتتى. سۇ يۈزى بىر قاراشتا ئۇلۇكتەك تىمتاس، يەنە بىر قارىسا توختىماي تەۋرىنىۋاتقاندەك، يىراقلاردىن ئادەمگە قاراپ شاۋقۇنسىز باستۇرۇپ كىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بىرىدۇ. ئامبارنىڭ بىر تەرىپى يانتۇ سوزۇلغان يايلاق بولۇپ، ئوتتۇرىدىن خۇددى تولغىما ئۇچەيدەك قات ـ قات يوللار كىسىپ ئۆتكەن. بۇ يولدا ماڭغانسىرى ماڭغۇڭ، يۈگۈرگەنسىرى يۈگۈرگۈڭ كىلىدۇ. يۇپ ـ يېشىل چۆپلۈكتە موللاق ئاتقۇڭ، بىردەملىك باللىققا قايتىپ دوملاپ ئوينىغۇڭ كىلىدۇ. قىسقىسى بۇ يەردىكى جىمى نەرسە ئەنە شۇنداق يېقىملىق.

ئۈنى دەپ ـ بۇنى دەپ گومىدىكى كۈنلەرمۇ ئاخىرلىشىپ قالدى. بىر ـ بىرىمىزگە قىيالمىغان ھالدا خوشلاشتۇق. ئاپتۇرلار گۇمىدىن ئالغان تەسراتى ئاساسىدا نۇرغۇن ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ، گۇما خەلقىنىڭ مىھماندوسلىقىغا، بەرگەن تۇزىغا، ھازىرلاپ بەرگەن بايراملىق سورۇنغا تىگىشلىك جاۋاپ قايتۇرۇشتى.

## 6 ـ لوپنا بايرام

1997 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كۈزنى قاماشتۇرىدىغان مەپىس ئەتلەسلىرى، ئوتقاشتەك جۇلالىق

گىلەملىرى بىلەن جاھاننى ھەيران قالدۇرغان. ئاق سىپىلى قەدىمى خارابىسى، ۋە ئىماقى ئاسىم سەيلىگاھىدەك مەشھۇر جايلىرى بىلەن داڭ چىقارغان لوپ دىيارىنىڭ ھۆرمەت پاياندازلىرى خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ يوللىرىغا تارتىلدى. بۇ قۇتلۇق مەرىكىگە ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى ئەخەت تۇردىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى.

مۇراسىم باشلىنىدىغان كۈنى لوپ خەلقى مېھمانخانىدىن يېغىن زالىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا قاتار تۇرۇشۇپ ئاپتورلارمى قىزغىن چاۋاك بىلەن كۈتىۋالدى. چېھرىدىن سەبىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان مىڭلارچە ئوقۇغۇچى قىپ - قىزىل گۈلدەستىلىرى مۇراسىم باشلىنىدىغان كۈنى لوپ خەلقى مېھمانخانىدىن يىغىن زالىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا قاتار تۇرۇشۇپ ئاپتورلارنى قىزغىن چاۋاك بىلەن كۈتىۋالدى. چېھرىدىن سەبىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان مىڭلارچە ئوقۇغۇچى قىپ - قىزىل گۈلدەستىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. «يازغۇچىلارنى قارشى ئالىمىز»دەپ تەن - تەنىلىك تۋۋلىشاتتى. يوللارغا، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە «ۋىلايەت بويىچە ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىنىڭ ناھىمىزدە ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» «يازغۇچى، شائىرلىرىمىزدىن سەممى ھال سورايمىز» دىگەندەك شۇئارلار چاپلانغان پىلاكاتلار ئېسىلغانىدى.

ناھىينىڭ ھاكىمى ئوسمان بورھان لوپنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

يىغىنىنىڭ ئىككىنجى كۈنى دول يېزىسىنىڭ قاتمۇ - قات ئورمان بىلەن قورشالغان كەنت، مەھەللىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ،ھاڭگىي يېزىسىغا كەلدۇق. ئېرىق ئۆستەڭلەردە زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ شىرىلداپ ئاقىدۇ. توز تاناپتەك تارتىلغان يوللارغا قوياشنىڭ نورى چۈشمەيدۇ، بۇنىڭ نېرىقى تەرپىدە بىشىغا قارىساڭ چەكسىز ئۈزۈنغا سوزۇلغان يېشىل كاردۇرغا كىرىپ قالغاندەك تويغۇغا كىلىسەن. دەرەخزارلىقتا سايرىشۋاتقان قۇشلارنىڭ يېقىملىقى ئاۋازى؛ يول بويلىرىدا لايدىن ئېرىق ياساپ ئويناۋاتقان باللار، ھارۋىلىرنى ھەيدەپ كىتىۋاتقان دىھقانلار غىل پال كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئاشۇ دىھقانلار مۇشۇ كاردۇرنىڭ ئىگىسى، يېشىل زىمىننىڭ خوجايىنى ئەمما ئۇلارنىڭ چاڭ تۇزانغا كۆمۈلگەن ياغاچ چىرايىغا، يادەك ئىگىلىپ قالغان ۋۇجىك بەستىگە، چاك - چاك يىرىلغان پۇت

قوللىرىغا قاراپ خوجايىنىدىن گۇمان قىلغۇم كىلىدۇ، « خوجايىن دىگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ» دەيمەن ھالبۇكى ئۇلار راستىنلا خوجايىن. ھەر بىر تۇپ دەرەختە، ھەربىر شاختا ھەتتا ھەربىر ياپراقتا ئۇلارنىڭ ئەجىر مىھنىتى بار. قوللىرىنىڭ ئىزى بار تۆكىلگەن تەرى بار ... يېشىل كاردۇر بىزنى ھاڭگىي يېزىلىق ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ باردى بۇ مەكتەپمۇ ئوخشاشلا يېشىللىق ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ. ئەتراپ دەرەخزارلىق، مەيدان، سىنىپ، ئىشخانا، ھەممىسىنى دەل دەرەخ ئوراپ تۇرىدۇ، باللار ئاشۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا سالقىندايدۇ.دەرس تەييارلاپ چارچىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇشۇ يېشىللىقتىن كۈچ ـ مادار تاپىدۇ، ئۇلارنىڭ باشقا نەسسى بولمىغىنى بىلەن دەرىخى، بوستانلىقى بار. بۇ يەرگە كەلگەن ھەربىر كىشى ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ ساپ ـ سالقىن ھاۋاسىدىن زوقلىنىدۇ، مەڭگۇ مۇشۇ يەردە تورۇپ قالغۇسى، مۇشۇ زىمىندا يىلتىز تاپتىپ ئەتراپتىكى سۇۋادان تېرەكتتەك كۆكلەپ چىققۇسى كېلىدۇ. ئىشخانا، سىنىپلارنىڭ ئالدىدىكى باراقسان سۆگەتلەردەك سەبى باللارغا سايىۋەن بولغۇسى كېلىدۇ.

بىز ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن خوشلىشىپ، ھاڭگىي يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوروسىغا كەلدۇق، تال بوستان ئاستىدا مەشرەپ باشلاندى. ناغرا، داپ، سۇناي، ساتار... ىش قىلىپ تارىختا ئۇيغۇرلار چالغان سازلارنىڭ تولىسى بار ئىدى. سازەندىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا كۇ يىنىڭ رېتىمنى بەلگۇلەپ بېرىدىغان ئىرماش ـ چىرماش سىزىقچىلار يوق، بىرەرسى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن تايقچىنى ھەريان پولاڭلىتىپ كۈيىنىڭ ئۆزگىرىش رېتىمنى بەلگۈلۈپ بەرمەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىنى يومۇپ ئولتۇرۇپمۇ تەمتىرىمەي توختاپ قالماي چېلىۋېرىدۇ. ئون ئادەم، يىگىرمە ئادەم، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم نەچچەئون خىل سازنى تەڭكەش قىلسىمۇ رېتىم بۇزۇلمايدۇ. ئۇلار ـ بىرىنىڭ چىرايىغا قاراشمايمۇ، ئىما ـ ئىشارەت قىلىشمايمۇ بىر پەدىدىن يەنە بىر پەدىگە چۈۋەرلىك بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇسۇلچىلارمۇ توختاپ قالمايدۇ. پەدە يەڭگىشلەنگەن ھامان ئۇلارمۇ ئۇسۇلنىڭ رېتىمى ئالماشتۇرالايدۇ. پۇتىمۇ، قولىمۇ، بەدەن ھەركىتىمۇ يېڭى بىر شەكىل ھاسىل قىلالايدۇ.

لوپ ناھىيىسىدىكى يەنە بىر مۆجىزە جىيا يېزىسىدىكى ئەتلەسچىلىك ئورنى، جىيا يېزىسى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ياز پەسلىدە ئانا ئەللىيىدەك يېقىملىق شاۋقۇننى كىچە ـ كۈندۈز ئاڭلىيالايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇ كۈيدىن ئايرىلىسپ قالمايدۇ. ئۇلار ئېتىزدا چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپ ئىشلەۋاتقاندىمۇ، دوكاندا ئەتلەس توقۇۋاتقاندىمۇ ھامان ئاشۇ قەدىمى شاۋقۇن ئۇلارنىڭ ۋاپادار ھەمراھى. رەڭگا ـ رەڭ خان ئەتلەسنىڭ نۇسخىلىرىغا قارىساڭ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشىنى كۆرگەندەك بولىسەن، ئۇلار راستىنلا ئەتلەسكە دەريا سۈيىنىڭ ئۆركىشىدىن نۇسخا ئالغان. مۇشۇ قەدىمى دەريا ئۇلارنىڭ ئەتلەسچىلىك ئۇستازى. ھەر بىر ئەتلەسنىڭ ھەر بىر تالالىرىغا مىڭ خىل سەنئەت سىڭدۈرۈلگەن. سەن ئۇلارنىڭ ئەقل ـ پاراستىگە قايىل بولۇپ، ساماۋى چۆچەكلەردىكى «پادىچى يىگىتنىڭ ئىشقىنى رام قىلغان توقۇمچى قىزلار» مۇشۇ يۇرتتىن بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلايسەن، بۇنىسى راست. بۇ يۇرۇتتا توقۇمچى قىز بىر ئەمەس، نەچچە ئون مىڭ. ئۇلار تارىختا سانسىزلىغان پادىچى يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتى ياققان.

ئاپتۇرلار ھېچقاچان ھېچيەردىن تاپالمىغان شېئىرى ئىلھامنى مۇشۇ ئەتلەس ماكانىدىن تېپىشتى. ھەتتا بەزىسى بۇ يۇرتقا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ئەتلەس دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈشتى. يەنە بەزىسى بىر نەچچە پادىچىدىن ئەتلەسمۇ سېتىۋېلىشى.

جىيا يېزىسىدىن قايتقاندا يۇرۇڭقاش، بويا، ۋە چاھارباغ يېزىلىرىنى ئايلىنىپ لوپ ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزىلىرىغا سۇ تەخسىملەپ بىرىدىغان باش ئازمىغا چىقتۇق. سۇ شۇ قەدەر سۈزۈك بولۇپ تىگىدىكى تاشلارنى ئىنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئاپتۇرلارنىڭ شۇ سۇدىن ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كەتكۈسى، ئەھلى ـ ئاياللىرىغا، بالىلىرىغا، ئاتا ـ ئانا ۋە دوستلىرىغا بىر يۇتۇم ـ بىر يۇتۇمدىن سوغا قىلغۇسى كىلەتتى. ئۇلارنىڭ خىيالىچە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيى ھەر قانداق ئېسىل سۇغاتتىن قىممەتلىك ئىدى. ھەر قانداق كاتتا بايلىقتىن ئۈستۈن تۇراتتى. بۇ سۇنىڭ

رەڭگى سۇزۇلۇپ پىشقان مۇناقى ئۈزۈمگە، يۇقۇرى دەرىجىلىك قاشتېشىغا ئوخشايتتى. تەمى ناۋات ئىرىتمىسىدەك تاتلىق بولۇپ ئىچكەنسىرى ئىچكۈڭ كېلەتتى. سۇدىن قېنىپ ئىچىۋاتقىنىمدا سوغا بىرىلگەن «رەڭسىز، تەمسىز پۇراقسىزسۇيۇق جىسىم»دىگەن تەبىرنىڭ تىزا مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. بەلكىم سۇغا تەبىر بەرگەن مۇتەخەسسىس يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ كۆز كۆنلىرى سۇزۇلۇپ ئاققان سۈيىنى كۆرمىگەن، ئىچىپ باقمىغان، ھەتتا مۇشۇنداق ئالاھىدە سۇنىڭ يەر شارىدا مەۋجۇتلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئازما بېشىدىكى چوڭ باغدا ھەر خىل نازۇ ـ نىمەتتىن داستىرخان تارتىلدى. بۇ يەردىكى ئۈزۈمنىڭ، ئالما، نەشپۈتنىڭ، ۋە قوغۇن ، تاۋۇزنىڭ تەمىنى ئوخشاتقىلى ئۇنىڭدىن ئۇستۈن قويىدىغان نەرسە تېپىلمايتتى. ئاپتۇرلار مىۋىلەرنى راسا ماختىشىپ يەۋاتقاندا كىمدۇر بىرى بىر دانە نەشپۈتنى كۆتۈرۈپ ئوتتۇرغا چىقتى.«پاھ!پاھ، قاراڭلار ماۋۇ نەشپۈتنىڭ چوڭلىقىغا» ھەممىمىز ئۇنىڭ قولىدىكى نەشپۈتكە نەزەر تاشلىدۇق. نەشپۈت كىچىك بالىنىڭ بېشىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ، تىگى ـ تىگىدىن ۋىل ـ ۋىل جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ـ يائاللا، راستىنلا بىر كارامەتكەنغۇ بۇ. ئىككى كىلو كىلەرمۇ؟

ـ ئىككى كىلو كەلمەسمۇ بىر كىلودىن ئارتۇق كىلەر.

ھېلى كىشى يىيىشكە كۆزى قىيمىغان نەشپۈتنى شۇ كۈنى كەچ بولغۇچە قولدىن چۈشۈرمەي، ئالدىغا ئۇچۇرغانلا كىشىگە كۆرسىتىپ چىقتى.

ئۇزاقتا سۇزۇلغان يولنىڭمۇ ئاخىرقى پەللىسى بولغاندەك لوپتا ئۆتكۈزۈلگەن بايرامنىڭمۇ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يىتىپ كەلدى. شىرىن كۈنلەرگە نوكچا ئۇرۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما ئەدىپلەرنىڭ كۆزى قىيمايۋاتاتتى. ئۇلار بىر نەچچە كۈننى، ھەتتا بىر نەچچە ئاينى بىللە ئۆتكۈزۈشنى، يەنە نۇرغۇق جايلارنى كۆرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. راستىنلا كۆرىشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن جايلار، بىلشكە تىگىشلىك خىلمۇ ـ خىل سىر، ھىكمەتلەر قېپقالدىغاندەك تۇراتتى. جىيا يېزىسىنىڭ ئايغىدىكى ئىمامى ئاسىم ساياھەت ئورنى ھاڭگىي يېزىسىنىڭ ئارقا قۇملۇقتىكى ئاق

سىپىل قەدىمى خارابىسى نۇرغۇن تارىخنى سۆزلەپ بىرەلەيتتى. بەشتوغراق ۋە سامپۇلنىڭ ئاچچىق ئوچاستىكىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆزگىچە ياشاش ئادەتلىرى، تۇرمۇشىنىڭ ئەسلى پېتىچە ساقلىنىپ قالغان ۋارىيانتلىرى بىز ئۈچۈن يېڭىدىن - يېڭى دەرسلىك بولالايتتى. ئەپسۇسكى ۋاقىت توشۇپ قالدى.

خۇلاسە يىغىندا ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمىيتى « يېڭى قاشتېشى » ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىر قىسىم ئاپتورلارنى مۇكاپاتلىدى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تونۇلغان مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ئەخەت تۇردى « ئىجادىيەتتە ئۆزگىچە يول تۇتۇش نەتىجە يارىتىشنىڭ ئاساسى» دېگەن تېمىدا ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ناھايىتى سىستېمىلىق دەرس سۆزلەپ بەردى.

لوپتىكى بايرام ئەنە شۇنداق مەنىلىك ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ نىمدۇر بىر نەرسە كەمدەككىلاتتى. يىغىندا كىلەر يىللىق تەكلىپ ئوقۇلمىدى، باشلىنىش مۇراسىمىدىمۇ خولاسىسىمۇ ھېچكىم 98 - يىللىق بايرامنى ئۆز يېرىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن چىللىمىدى « كىلەر يىلى جەم بولالماسمىزمۇ » دېگەن ئەندىشە كۆڭۈللەرنى ساراسىمگە سالاتتى.

- ھازىر جۇرئەت ۋالىدىن تېلفۇن كەلدى، - دېدى مەتقاسىم ئابدۇراخمان، بىر سائەتتىن كىيىن ۋالى بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدىكەن شۇنىڭغىچە تەخىر قىلايلى.

ئاپتورلار روھلانغاندەك بولدى. چۈنكى ئۇلار كىلەر يىللىق بايرامنىڭ ئۈمىدىنى ۋالى جۇرئەت مەتىمىنگە باغلىغاندى. لوپتىن ئالغان ئىھامنى شېئر مىسرالىرىغا تىزىپ ئۈلگۈرگەن بىر قىسىم شائىرلار كەينى - كەينىدىن دېكلاماتسىيە قىلىشتى. ئىشۇ پەيتتە شائىر ئادۇللا سولايمان ئىگىز بويلۇق، چىرايى قارمتۇل، چاچلىرى رەتلىك تارالغان بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ناخشىچى زاھىر بورھان ئىدى. بىز ئۇنى ناخشا ئېيتىپ بىرىشكە تەكلىپ قىلدۇق.

- ناخشا دېگەن ساز بىلەن ئوخشايدۇ، - دېدى ئۇ ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن - بۇ يەردە ساز يوق، شۇڭا مەن ناخشا ئېيتماي ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرەي.

بىز يەنە بىر نۆۋەت چاۋاك چالدۇق.

ـ بىز قانداق ياشاۋاتىمىز، باشقىلار قانداق ياشاۋېتىپتۇ دېگەن سوئالنى ئۆزىمىزگە قويىدىغان ۋاقىت كەپقالغاندەك تۇرىدۇ، ـ دەپ باشلىدى ئۇ بىز بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان گېپىنى، ـ مەن يېقىندا كانادا ... قاتارلىق بىر قانچە دۆلەتكە باردىم. ئۇ يەردىكى ئادەملەر يەر شارىدىكى ۋەزىيىسىنى تاماملاپ ئايغا، مارىسقا ئۇچۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپتۇ، ئەمما بىز ...

ئۇ يەنە نورغۇن نەرسىلەرنى سۆزلىدى، بىز ئۇنىڭ نۇتۇقىدىن بىر نۆۋەت ماختاپ قويسا بىر ئۆمۈر شۇ ماختاشنى سېغىنىپ ئۆتىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۆزىمىزنى، ئۆزگىنىمۇ چۈشىنىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈنمۇ باش قاتتۇرىدىغان سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

ئاخىرى ۋالىيمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئەدىپلەردىن سەممىي ھال سورادىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات سەنئەت تەرەققىياتى، يازغۇچىلارنىڭ تورمۇشى ... قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلىدى. ھەمدە نۇتۇقىنىڭ ئاخىرىدا كېلەر يىللىق يىغىننىڭ گېپىنى سورىدى.

ـ كېلەر يىلى نەدە ئاچىدىغان بولدىڭلار؟

ـ شەھەر ئاچارمىكىن، ـ دېدى مەتقاسىم ئابدۇراخمان ئىشەنچىسىز ھالدا، ـ تەكلىپقۇ كەلمىدى.

ھەممە ناھىيىلەر ئىچىپ بولدىمۇ؟

ـ شەھەر، نىيا، خوتەن ناھىيىسى قالدى. باشقا ناھىيىلەردە بىرەر قاتاردىن ئېچىلدى.

ـ ئەمىسە كېلەر يىلى شەھەر ئاچسۇن، مەن شەھەرنىڭ مەسئۇللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەي.

چېھرىدە ئۆمۈت ئۇچقۇنى جىلۋىلىگەن ئاپتورلار ھاياجاندىن چاۋاك چېلىشتى. ۋالىينىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن ئەخەت تۇردى مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەپ كەتتى.

مەلۇم رايون ئەدەبىياتىنىڭ تۈكسىلىشى ۋە خاراپلىششى يالغۇز ئەدەبىيات سەنئەت خادىملىرىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، شۇ رايون رەھبەرلىرىگىمۇ باغلىق، خوتەننىڭ رەھبەرلىرى ئەدەبىياتقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىغاچقا يېقىندىن بىرى خوتەن ئەدەبىيات قوشۇنى تىز سۈرئەتتە كۈچىيىپ ئاپتونۇم رايوندىمۇ خېلى ياخشى تەسىرات پەيدا قىلدى. خوتەندە ھەر يىلى ئېچىلىپ

كېلىۋاتقان مۇنداق مۇھاكىمە يىغىنلىرى باشقا ۋىلايەتلەردە يوق، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ بۇنداق ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتىمىز.

7 ـ خوتەن شەھىرىدە بايرام

1998 ـ يىلى پېۋقىرىم ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوتەن شەھىرىنىڭ بايرامغا چىللىغان باغاچچىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ياتاق خوتەن نىشەھەرلىك مېھمانخانىسىغا، يېغىن ئورنى جەنۇبى بوستان يولىدىكى شەھەرلىك باج ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. يىغىندا شەھەر باشلىقى ئۆتكۈر ئالىم شەھەر خەلقىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سوقۇرلۇشى ۋە يول ياساش قورۇشىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى؛ سودا ـ تىجارەت، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق كەسپلەردە ئېرىشكەن ئىقتىسادى ئۈنۈملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «يېڭى قاشتىشى» ژورنىلىنىڭ خىزمىتى ۋە ئاپتۇلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەتقاسىم ئابدىراخمان ژورنالنىڭ خىزمىتى ۋە ئاپتۇرلارنىڭ ئىجادىيتى ھەققىدە توختىلىپ «يېقىنقى يىللاردىن بىرى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبى ئىجادىيەت مۇھىيتى خېلىلا جانلانغان بولسىمۇ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتى يەنىلا تۆۋەن. نۇقۇل ھالدا قۇرۇق مەدىھلىۋازلىقنى، پۇچەك ئىشقى مۇھەببەتنى تىما قىلغان ئەسەرلەر بىر قەدەر كۆپ، مىللەتنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىر قەدەر كۆپ، مىللەتنىڭ پىسخىك ئالاھىدىكىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئاز. ئوبزورچىلىق ساھەسىدە يۈكسىلىش يوق، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان، سۈپەتسىز ئەسەرلەردىكى نوقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان خالىس نىيەتلىك ئوبزورچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلمىدى» دېدى.

ئەتىسى شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىگە قاراپ يولۇپ كەتتۇق. يول بويىدىكى دەل ـ دەرەخ، ئۆستەڭدە تولغىنىپ ئېقىۋاتقان زومرەتتەك سۇ، ئوخشاش چوڭلۇقتىكى سالا ئېتىزلار، ئۆشتىسگە

كەتمەن سېلىپ كېتىۋاتقان، ياكى ئېتىردا باش - كۆزلىرىدىن تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ... ھەممىسى لوپتا، قارىقاشتا، كېرىيەدە كۆرگىنلىرىمىز بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۆتكەن يىلى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللاردا كۆرگىنىمىزدىن پەرقلەنمەيتتى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن « ئاقچال ئېچىش رايونى» دەپ ئاتالغان بوز يەرگە ئۇلاشتۇق، ھەر ئېتىزنىڭ يېرىدا قوناق بولۇق ئوخشىغان، يېرىمى دېگۇدەك تاپ - تاقىر بولۇپ شۇۋاق، يانتاقلار ئۆسكەندى. دەل شۇ چاغدا يول بويىدىكى ئۆزگىچە بىر مەنزىرە دىققىتىمىزنى تارتتى. يولنىڭ شەرق تەرپىدە بىتوندىن قوپۇرۇلغان سۇپا، سۇپىدا غايەت يوغان بىر دانەساپاننىڭ مودىلى توراتتى. ساپاننىڭ يوغان چىشلىرى بىر ھەيدىشتە ئەتراپىتىكى بىنا مىنى بىراقلا ئۆتتۈرۈپ تاشلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

- بۇ يەرگە ساپان چىشنىڭ مودىلىنى ياساش كىمنىڭمۇ ئەقلىگە كەلگەندۇ؟

- مۇشۇ يەرنى ئاچقان خەلقنىڭ ئەقلى بولمامدۇ.

- بۇنداق يوغان ساپاننى كىممۇ باشقۇرار...

- ئىگىسى باشقۇرىدۇ، - دە.

- شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى دېھقانچۇ.

ساپاننىڭ تۆۋەندىن كۆتىرىلگەن جاراڭلىق كۈلكە يىراقلاردىكى بوز يورغاينىڭ سايرىشلىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن شورباغ يېزىسىنىڭ ئايدىڭكۆل كەنتىگە كەلدۇق، كەنت تەشكىلگە يېقىنلاشقاندا كىمدۇر بىرى سوراپ قالدى.

- بۇ كەنتنىڭ ئىسمى نېمىدۇ؟

- ئايدىڭكۆل، - دېدى شائىر ئابدۇلئەھەت قادىر، - مەن ھازىر مەشەدە نوقتىدا تۇرىۋاتىمەن.

كۆزنەكتىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغان شائىر ئابدۇلئەھەت سەمەت دەرھال ئابدۇلئەھەت قارىغا يۈزلىنىپ « ئابدۇلئەھەت قادىر » ئايدىڭكۆلنىڭ كادىرى دەپ نەزمە توقۇۋىدى ئاپتوبۇس ئىچىدىن

يەنە نۆۋەت كۆلكە كۆتىرىلدى.

ئاپتۇبۇستىن چۈشۈپ كەنت تەشكىلگە كىردۇق، كۆزگە چېلىقىدىغانكى تاملارغا، قارا دوستكىلارغا زامانىمىزدا مودا بولغان تۈرلۈك شۇئارلار قوشخەت قىلىپ يېزىلغاندى.

كەنت رەھبەرلىرى بىزنى بېيىغان ئائىلىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. تونۇشتۇرۇلىشچە بۇ كىشى يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كونا ئاياغ ئەكىلىپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شوغۇللىنىپ ناھايىتى كۆپ پۇل تاپقانمىش، يوغان ئايۋاننىڭ تەڭ يېرىمىدا، يەنە بىر كىچىك ئۆيدە گاھىنىڭ چەمى ئاجرىغان، گاھىسىنىڭ بەل تۆمۈرى سۇنۇپ پاشنىسى ماكچايغان كونا ئاياغلار بىسىپ قويۇلغاندى. ھېلىقى باي ئاياغلارغا قاراپ سۆزلەيتتى.

– بىز ئاياغلارنى ئىچكىرىدە ناھايىتى ئەرزان ئالىمىز، بىرىپلا تونۇسلارنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىغان گەپ، چوپقاتلار كونا ئاياغلارنى تېرىپ كىلىپ ئالدىمىزدا ئۆچرەتكە تىزىلىپ كىتىدۇ.

– بۇ ئاياغلارنىڭ گاھىسى بەك كونىراپ كەتكەن ئۇنداقلىرىنىمۇ ساتقىلى بۇلامدۇ؟

– جاجىسى ماي كاساپەتنىڭ، مايلاپ پاقىرتىۋەتسەك سېتىلىپ تۈگەيدۇ. دىھقان خەق دىگەن كونا

– يېڭى دىمەي ئەرزانغا يۈگرەيدۇ ئەمەسمۇ.

كۆرىشكە تىگىشلىك دەپ قارالغان جايلارنى بىرەر قاتار ئايلىنىپ بۇلۇپ، ئەسىر باھالاشقا ئولتۇردۇق. بىز نەسرى ئەسەر گۇرۇپپىسىدىكىلەر تالانتلىق يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى سۆزلەپ بىرىشكە تەكلىپ قىلغاندۇق. گەپ بىردەم يورغىلاپلا يازغۇچىنىڭ يېقىندا يېزىپ پۈتتۈرگەن، لىكىن تېخى كىتاپخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۈلگۈرمىگەن «لېيىغان بۇلاق»رومانىغا ئۆتۈپ كەتتى. يازغۇچىنىڭ ئېغىزاكى ھىكايە قىلىشى جەھەتتە پەۋقۇلاددە ئاددى بىر ئارتۇقچىلىقى بۇلۇپ ئىنچىكە تەپسىلاتلارنىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىق سۆزلەيدىكەن. پېرسوناژلارنىڭ كۆلۈۋاتقانلىقىنى بايان قىلغاندا ئاڭلىغۇچىلارمۇ كۈلۈپ تاشلايدىكەن. يىغلاۋاتقان بىرىنى سۆزلىسە ھەر قانچە ھىسسىياتسىز ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنىمۇ چىلغۇتىۋەتەلەيدىكەن. بىر چاغدا قارىسام يازغۇچى ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى

بويلاپ ئېقشقا باشلاپتۇ.

- يىغلاپسىزغۇ ئالتۇنگۈل.

- ياق يىغلىمىدىم، - ئالتۇنگۈل كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ كۈلۈۋەتتى.

- خېلى سۆزلىگۈڭىز كەپتىكەن، - دىدى قول سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرىۋالغان يازغۇچى مەتقاسىم ئابدۇراخمان سىرتتىن كىرىپ.

- ياقەي تېخى، ئۇنىنىڭ بىرىنىمۇ سۆزلىمىدىم، - دىدى جالالىدىن بەھرام كۈلۈپ كىتىپ، - رەسمى سۆزلەيدىغان بولسام يەتتە كىچە - كۈندۈزمۇ تۈگىمەيدۇ.

- ئۇنداق بولسا ئەمدى ئۆزىڭىزنى بېسۋېلىڭ، يەتتە كىچە - كۈندۈزدىمۇ تۈگىمەيدۇ.

- ئۇنداق بولسا ئەمدى ئۆزىڭىزنى بېسۋېلىڭ،يەتتە كىچە كۈندۈزگىچە بىزنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويىخۇدەكسىز .

ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق .

خۇلاسە يىغىندا شائىرلار شەھەرخەلقىگە بولغان چوڭقۇر ھۆرمتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاجايىپ يېقىملىق لىرىكىلىرىنى دىكلىماتسىيە قىلىشتى.ۋالى

جۇرئەت مەمتىمىن: ھەر قايسى سەپلەردىكى ئىلغار تىپلارنى مەدىھەلەپ، ناچار ئادەملەرنى تەنقىدەلەش رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى پارىخور ئەمەلدارلارنى ،يۇقارنى ئالداپ ،تۆۋەننى باسىدىغان كۆزبوياماچىلارنى قامچىلاشنىڭ زۆرۈرلىكىنى :شۇنداق قىلغاندىلا يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتتى.

**8.خوتەن ناھىيىسىدە بايرام**

2000 - يىلى ئىيولنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بارلىق ئەدىپلەر خوتەن ناھىيىسىنىڭ‹ ‹ساغلاملىق ئارامگاھى › ›مېھمانخانىسىغا جەم بولدۇق .يىغىنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا

كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ئابدۇلئەھەت قادىرى، پىشقەدەم شائىر ئابدىغېنى سىيىت تەييارلىغان شېئىرى چاقچىقىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. ئاقىدىنلا ئابدۇرغېنى سىيىتمۇ مۇناسىپ شېئىرى چاقچاق ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇردى. قىسقىسى ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ يۈكسەك شېرىي كامالىتىنى نامايەن قىلغان بولۇپ يىغىننى چۇشقۇن كەيپىيات ئىچىگە باشلاپ كىردى. يىغىندا يەنە يېقىنقى ئىككى يىلدا مول نەتىجە قازانغان ئاپتۇرلار موكاپاتلاندى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سكىتارى مەتقاسىم داۋۇت خوتەن ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ستىراتېگىيىلىك شارائىتى، گىلەمچىلىك ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە قازانغان ئۆنۈمى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى، شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر قانداق رەھبەرنىڭ نوتۇقىدا ئاساسى تېمىغا ئايلانغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى ... ھەققىدە تەپسىلى توختالدى.

ئەتىسى خوتەن شەھرىدىن 75 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان «چىگىرلىك ئېچىش رايونى» غا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق، زېمىنگە تەكشى قاراپ كۆلىۋاتقان قوياش ئاجايىپ كۆچلۈك يالقۇن چاچىدۇ ماشىنىلار ئۇيان - بۇيان چايقىلىپ خۇددى جاھاننىڭ ئەڭ يىراق چېتىنى تاپماقچىدەك كېتىپ بارىدۇ، يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل، بەزىدە بوك - باراقسان مەھەللە بىزنى كۈتىۋالسا، بىردەمدىن كېيىن توپ - تەكشى جاڭگال ئالدىمىزدا يېيىلىپ ياتىدۇ، ئەتراپتا ئادەم بويى ئۆسكەن قومۇش، خوخا، يانتاقلار... يولغا ياندىشقان ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىردە ئوڭ تەرىپىمىزدە سىلدىرلەپ ئاقسا، بىردە يولنىڭ سول تەرەپىگە ئۆتۈپ قالدۇ. پات - پات ئۆيلەرمۇ يوقىلىدۇ، جاڭگالنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پاكار ئۆيلەرگە قارىساڭ ھۇجۇدۇڭنى وڭ قاپلايدۇ، بەزى ئۆيلەردىن يالڭاچ، گاھى يېرىم يالڭاچ باللار يۈگۈرەپ قىلىپ ماشىنىلەرگە قىزىقىپ قاراپ قالدۇ.

بىر چاغدا بىز باشقا ئۆيلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان، ئالدىدا ساتما ياسلىپ ئۈستى بولشچە يېپىلغان بىر قوروغا كەلدۇق، بۇ قورۇغا بىر قارشىنىلا مۇشۇ مەيداننىڭ تەشكىلى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئىككى - ئۈچتەك ئادەم ئالدىمىزغا چىقىپ بىز بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى. دەل شۇ چاغدا يېرىم يالڭاچ بىر بالىنىڭ ئۆگزىگە قويۇلغان شوتىدىن خۇددى يۋا

مۆشۆكتەك يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. بالا بىردەمدىلا ئۆگزىگە چىسپ بىزگە تەشۋىشلىك قاراپ تۇردى، مەن ئۇنى، بۇياققا چۈش دېگەن مەنىدە قايتا ـ قايتا شەرەتلىدىم. ئۇ قورقۇمسىراپقىنە بالداقمۇ ـ بالداق پەسلەپ يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭق تۇگە تاپىنىدەك يالڭاچ پۇتلىرى موملاپ قويغاندەك قاپ ـ قارا، تىرناقلىرى ئۆسۈپ خۇددى قوشنىڭ تۇمۇشقىدەك ئىگىلگەندى. ئۇستىگە كىيىۋالغان يىرتىق كۆڭلىكى چالا بويالغان ماتاغا ئوخشايتتى...

ـ ئىسمىڭ نېمە؟

ـ جاپپار

ـ نەچچىگە كىردىڭ؟

ـ ئون ئىككىگە.

ـ نەچچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتىسەن؟

ـ ئوقۇمايمەن.

ـ نىمە ئىش قىلىسەن؟

ـ مال باقىمەن؟

ـ بۇرۇن ئوقۇغانمۇ؟

ـ كەنتتىكى چاغدا ئوقۇغان، ئائىلىمىز مەشەگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇمىدىم.

ئوقۇغۇڭ بارمۇ؟

جاپپاردىن ئۇن چىقمىدى. مەن قەلەمنى خاتىرە ئۇستىدە قويۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۆمچىيىپ، كۆزلىرىدە ياش يالتىراشقا باشلىغاندى. يۈرۈكۈمنى بىرنەرسە مۇجىۋەتكەندەك بولدى. جاپپاردىن قايتا سوئال سورىمىدىم. ئەسلى ئۇ مىنىڭ ھەممە سوئاللىرىمغا تولۇق جاۋاپ بىرىپ بولغاندى. مەن سۆھبەتكە توچكا قويۇپ، سەل نېرىراقتىكى ماشىنىنىڭ ئالدىدا باشقا كەسپداشلىرىمنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاپ بىرۋاتقان مەيدان باشقىنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

ـ بۇ يەرگە نەچچە ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىندى؟

125 ئائىلە، ئەسلى پىلاندا 300 ئائىلە كۆچۈرۈلمەكچى ئىدۇق. ھازىرغىچە كۆچۈرگىنىمىز شۇنچىلىك، دېھقانلار ھەر خىل باھانە ـ سەۋەپلەرنى كۆرستىپ كۆچكىلى ئۇنىمىغاچقا پىلان ئورۇندالمىدى.

ـ ئوقۇش يېشىدىكى باللاردىن نەچچىسى بار؟

ـ 50 بالا بار.

ھازىر ئوقۇۋاتامدۇ، يا...

ـ ھازىرچە ئوقۇشسىز قىلىۋاتىدۇ، ـ مەيدان باشلىقى ئاپتاپتا كۆيۈپ مستەك پاقراپتىكەن چىرايىغا كۈلكە يامراتتى، ـ يۆتكەشكە تىگىشلىك ئائىللەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكەپ بۇلۇپلا باللارنىڭ ئوقۇش مەسلىسىنى ھەل قىلماقچى دېھقانلارنى بۇ يەرگە يۆتكەشتىن مەخسەت نىمە؟

ـ ئەلۋەتتە بېيىش ـ دە،

مەن ئىغىزىمنىڭ ئۇچچىغا كىلىپ قالغان«ئۇلارنى كەنتىدىن ئايرىپ جاڭگالغا ئەكىلىپ قويسا باي بۇلامدۇ؟ باللىرىنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىپ ساۋاتسىز، قارا قورساق چوڭتىۋاتسا نامراتلىقتىن قۇتۇلالامدۇ»دىگەن سۇئالنى زورمۇ ـ زور يۇتىۋەتتىم. ئۇنداق دەپ سورىيالمىدىم. چۈنكى خوتەن ناھىيسى يازغۇچىلارنىڭ مۇشۇ يىغلىشى ئۈچۈن 25 يۈەن خەجلىدى. ئۇلار بۇ 25مىڭ يۈەننى بىزدىن قوپال سۇئاللارنى سورۇسون دەپ ئەمەس؛ بىزنى ماختىسۇن، بىزنىڭ تەجرىبىلىرىمىزنى ۋىلايەتكە، شىنجاڭغا، مەملىكىتىمىزگە، ھەتتا چەتئەللەرگىچە تۇنۇشتۇرسۇن، تەشۋىق قىلىپ نامىمىزنى جاھانغا تاراتسۇن، دەپ خەجلىدى. مەن بۇ تۆت كۈنلۈك بايرام جەريانىدا ئۇلارمىڭ بەرگەن ئېسىل تائاملىرىنى يەپ تۇرۇپ يەنە ھېلىقىدەك سۇئاللارنى سورىسام «تۇزىۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭنى چاقاي»دىگەندەك ئىش بۇلۇپ قالامدۇ...

چۈشتىن كىيىن توساللا يېزىسىغا كەلدۇق. يېزا باشلىقىنىڭ ئەھۋال تۇنۇشتۇرۇشىچە بۇ يېزىدا ھەممىدىن بەك كىرىم بولىدىغان كەسىپ كۆكتاتچىلىق بۇلۇپ، يىللىق ئوتتۇرچە كىرىمى 3700 يۈەن ئىكەن. 1999 ـ يىلى توساللا يېزىسىدا دېھقانچىلىقنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن مەھسۇلات

كەملىگەن بولسىمۇ كۆكتاتچىلىقتىن ئىبارەت بىرلا تۈردە ئىشىپتۇ. يېزا باشلىقى بىزنى يەنە گىلەمچىلىك كارخانىلىرىغا باشلاپ باردى. گىلەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار ۋە باللار بولۇپ ئۇلارنىڭ قوللىرى ناھايىتى چاققان ئىدى. چىرايى سارغايغان، ياداڭغۇ بىر چوكان بالىسىنى ئىمىتىپ ئولتۇرۇپ گىلەمگە تېۋىت باغلىماقتا ئىدى. يەنە بىر دۇكاندىكى كۆتمەك ساقال بوۋاينىڭ يېنىدا كىچىك باللاردىن ئىككىسى قاتار ئولتۇرۇشاتتى.

- ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، - دېدىم مەن ئۇلارغا قاراپ.

باللار ئاستا تۇرۇشتى. ئاق - سېرىق بالا سەل دۇمچەكراق، يەنە بىر قارا قومچاق بالا تۇلىمۇ ياداڭغۇ ئىدى.

- نەچچە ياشقا كىردىڭلار؟

- مەن ئون ئىككى ياشقا،

- مەن ئون بىرگە كىردىم، - دېدى ياداڭغۇ بالىمۇ قولىدىكى پەنجىگە قاراپ قويۇپ ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن قارىغاندا 11 ـ 12 ياشلاردا ئەمەس، 7 ـ 8 ياشلاردىكى باللاردەك كۆرۈنەتتى.

- بۇ باللار بەك كىچىككەن، ھازىر ئۇلارنىڭ مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇيدىغان، ئۇستەڭ بويلىرىدا سۇغا موللام ئېتىپ ئويناپدىغان ۋاقتلىرى، بۇنداق كىچىك باللار دۇكان ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرەۋەرسە، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ، - دېدى كەسىپداشلىرىمدىن بىرى.

- نامرات ئائىلىلەرنىڭ باللىرى ئوخشايدۇ، - دېدى يەنە بىرى، - ئائىلىسى مۇھتاجلىقتا قالمىغان بولسا بۇ يەرگە ئۆبەرتمەستى.

باللارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپ - قارا كۆزلىرى كىم گەپ قىلسا شۇنىڭغا ئۈمۈت بىلەن تىكىلەتتى.

گىلەم تۇقۇش ئۆيىدىن چىقىپ ئىسكىلاتقا كىردۇق. دىقماققىنە كەلگەن ئايال خوجايىن ئۈستى - ئۈستىلەپ بېسىپ قويۇلغان گىلەم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى.

- مەن گىلەمگە ماۋزىدۇڭ، جىياڭزېمىن، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق داھىلارنىڭ سۈرىتىنى

كەشتىلەپ تۇقۇغانلىقىم، بۇ ئىجادىيىتىم كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

- ئىشچىلار ئارىسىدا ئىشلەش ئىقتىدارىدىن قېرىلار، باللار كۆپكەنغۇ.

- ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەن، - ئايال قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى. - ئەمما قىلىدىغان ئىشنى قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭكىسى بىلەن ئوخشاش. مۇنداقلارنى كۆپرەك ئىشلەتسەك پايدا بىزگە ...

توسالالا يېزىسنى كۆرۈپ بولۇپ بۇزاق يېزىسغا قاراپ يۇرۇپ كەتتۇق. يىراقلارغا سوزۇلغان تال كارىدورىدىكى قاتار ساڭگىلىشىپ تۇرغان ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر؛ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىككى - ئۈچ ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز يوغان ياڭاقلارغا قارىغانسىرى ئادەمنىڭ روھى كۆتۈرىلىپ باراتتى...

ئاخىرى ئۈزۈمچىلىكتە داڭ چىقارغان بىر دېھقاننىڭ ھويلىسىغا كىردۇق - دە، رىۋايەتلەردە تەرىپلىنىپ كىلىۋاتقان جەننەتكە قەدەم قويغاندەك تال بوستانغا قاراپلا قالدۇق. بىر قاتار تال ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئۈستىدىن ئېشىپ كەڭرى يولنىڭ ئوتتۇرسىغا كىلىدۇ. يەنە بىر يۇلنىشى ئۆي، ھويلا ئارام، ئېغىل - قوتاننى خۇددى يولتۇزلۇق ئاسماننىڭ بىر پارچىسىدەك يېپىپ تۇرىدۇ بىز كەڭرى ھويلىدىن ئۆتۈپ باغ ئىشكىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بۇ يەردىكى كارامەتكىمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئارقىدىكى يەنە بىر يۆنىلىش تالمۇ 20 مېتىردەك كەڭلىكتىكى ئېتىزنىڭ ئۈستىدە يىراقلارغا سوزۇلغان. ئۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى مۇناقى بولۇپ ئەمدىلەتتىن سارغىيىشقا باشلىغاندى. تال تۈپىنىڭ ئۈزۈنلىقىنى، ھەر بىر چىۋىقتىكى ئۈزۈمنىڭ كۆپلۈكىنى نەخ مەيدانغا بېرىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ھەر قانداق ئادەمگە سۆزلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانچە سۆزلىگەن بىلەنمۇ شۇ دەرىجىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىشى ، تەسەۋۋۇر قىلالىشى ناتايىن، ئاھ خوتەن! سەن ھەقىيقەتەن خاسىيەتلىك يۇرت . سىنىڭ ھەر بىر چىمدىم تۇپرىقىنىڭ ئاشۇ تۇپراقنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان ھەر بىر تۈپ گىياھ ، ھەممىسى مۆجىزە. دۇنيادا سەندىن ئۇلۇغ، سەندىن مۇقەددەس، سەندىن گۈزەل يۇرتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن... مانا بۇ ئاشۇ تال

بوستان ئاستىدا ھاياجان بىلەن سوقۇۋاتقان بارلىق يۈرەكلەرنىڭ ئورتاق خىتاۋى ئىدى.

ئاپتورلار ئۆي ئىگىسىنى چۆرىدىۋېتىپ ئۆزى قىزىققان گەپلەرنى سوراشقا باشلىدى.

- ئىسمىڭىز نىمە؟

- ئابدۇللاخۇن يوبدان.

- تالنىڭ ئورنى قانچىلىك؟

- ئىككى مو يەرنىڭ تۆت تەرىپىدە بىر قاتاردىن بار.

- بۇ ئۈزۈملەر بەك كۆپكەن باشقىلار ئوغۇرلاپ كەتمەمدۇ؟

- ئوغۇرلىمايدۇ. بۇ يەردىكىلەر خۇدادىن قورقىدىغان ئادەملەر.

- بىر يىلدا نەچچە پۇلغا ئۈزۈم ساتىسىز؟

ئۆتكەن يىلى 16مىڭ كويغا  ساتقان.

بىز يەنە 500يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان ياغاق پادىشاسى، ئەنجۈر پادىشاسىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ يەردىكى ئاجايىپ چوڭ ياغاق ۋە ئەنجۈر ئاپتورلارنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەس ئوبراز بولۇپ قالدى. خۇلاسە يىغىندا ياش ئالىم ئەسئەت سولايمان. بوستانلىق مەدىنىيتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ نۇتۇقنى تەلەيلىك خوتەن ئەدىپلىرىنىڭ 1991 ـ يىلى ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ نۇتۇقىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق دىيىشكە بولىدۇ.

ئەسلى مەنبەسى "تارىم"

تۈزگۈچى :ئەزىز